# يېڭى قاشتېشى

## NEW JADE LITERATURE

3

1993



قورساق توق، كۆڭۈل شوخ
(رەخمان ئوبۇل فوتوسى)

# يېڭى قاشتېشى

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

3
1993

(ئون تۆتىنچى يىل نەشرى)

(ئومۇمىي 71 - سان)

خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: مىجىت باقى      مەسئۇل مۇھەررىر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# بوستاندا

چەت ئەلگە چىقىش نومۇرى: ISSN1002—929X

## ھېكايىلەر

ئارخىمىدنىڭ «پېشاگى» ...... مەتقاسىم ئابدۇراخمان 1
ھەسرەت كويى ...... تۇرسۇنجان مۇھەممەت 17
ئىشەنچ ۋە پۇل ...... مېھرىگۇل ئابلىز 26
ھەر كىمنىڭ ئۆز كۆڭلى بار ...... غوجىئابدۇللا ناسىر 36
كۆۋرۈك بېشىدىكى ئەسلىمە ...... سىددىق قاۋۇز 46
بىر كويى ...... داۋۇت مەتنىياز 52
«مەجبۇرىيەت» ...... مىجىت باقى 55

## شېئىرلار

ھايات، سۆيگۈ، باھار ئاققان بۇلاق نۇرۇز ...... ئابدۇللا سۇلايمان 28
غەزەللەر ...... ئوبۇلخەيرى ئىبراھىم 28
شېئىرلار ...... ئابدۇلھېكىم مەخسۇم 31
ھەرىپ تىزىپ كېلەر بىر ئارمان ...... ئابدۇشۈكۈر راشىدىن 33
ئىككى شېئىر ...... رەھىم ئابلىز 34
يېزا ئاخشىمى ...... ھوشۇر ئەھەت 35
نۇر تەپتىگىدىن ...... ئازاد ئابدۇللا 35
كۈنلىمەيمەن كۈندىن يار سېنى ...... ئەخمەتجان تۇرۇپ 35
شېئىرلار ...... جاپپار رەھىمى 59
ئىككى شېئىر ...... تۇرغۇنجان ئابدۇللا 61
ئېھ، يۇرتۇمنىڭ خىيالەتلىك يولى ...... ئابدۇخېلىل ئابدۇخېبۇر 62
ئۈچ تەھرىرگە مۇۋەششەھ ...... غوجەمۇھەممەت مەممەت 65
شېئىرلار ...... ئۆمەرجان ئىسمايىل 66
تاماكىنىڭ تۈتۈنى بولاي ...... روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ 69
پەن دەپ ...... قادىر تۇردى 69
ۋاپاسىزغا ...... مەتتوختى ياسىن 70
بولۇپ قالدى كەپەڭ تاۋاپگاھ ...... تۇرسۇن ناسىر 70
سەھرا يولىدا ...... توخسۇن ھۈسەيىن 70
يېزا تەسىراتى ...... ئىدرىس مەتسىيىت 71
سىر يوشۇرار غۇۋا ئاي نۇرى ...... ئوسمانجان دۆلەت 72
ئۆملۈك ئوبرازى ...... ئېلى قادىر 72

## نەسىرلەر

سەرسان خىياللار ...... ھاجى ئەخمەت 73
يۇرتۇمدا باھار ...... ئايگۈل روزى 76
دادا، ئېسىڭىزدىمۇ؟ ...... ئابدۇللا غوجىئەخمەت 76
چۈش ...... ئابدۇكېرىم سۇلايمان 77
ئىككى نەسىر ...... قەمبەرنىسا 78
نەسىرلەر ...... ئەسئەت ئابدۇقادىر 79
بەخت ...... ئەركىنجان ئابدۇللا 81

## تەرجىمە ئەسەر

قىمار ...... (ھېكايە) ...... چېخوب 82

## كلاسسىك ئەدەبىياتتىن

شائىر ۋە تارىخچى قاسىمى ...... نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر 89

---

(بوستاندىكى ھۆسنخەت ۋە قىستۇرما رەسىملەرنى ھەبىبۇللا ھەسەن يازغان ۋە ئىشلىگەن)






**مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

يەرشارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى توققۇز-يۈز قىرىق مىليۇن كىلومېتىرلىق ئوربىتىنى ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن، يىگىرمە تۆت مىنۇت ئاتمىش تۆت سېكۇنتتا ئوتتۇز كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلار كۆپ. ئەمما، بىرمۇ ئىككى يۈك يەرنىڭ سەككىز كىلومېتىرلىق مۇسابىدىن بىر يۈز يىگىرمە كۈندە پەقەت ئۈچ قېتىملىق توختاشتا يەتتە يۈك خوراپشەھەر ئەتراپىغا يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە جۇغراپىيە ئىلمى كۈنسېرى تەرەققىي تېپىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەر يۆتكەشتەك بۇنداق يېڭىلىقنى خېلى-خېلى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

مەن پەقەت جەريانىنىلا سۆزلەپ بېرەلەيمەن. لېكىن بۇ مۆجىزىنىڭ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرالىشى ياكى قالدۇرالماسلىقى بىر تېپىشماق.

ھەممىگە مەلۇم، بىرەر نەرسە يۆتكەشتە ئادەم ياكى ھايۋان كۈچى، چوڭراقىنى بولسا ھارۋا، ماشىنا، پويىز، كىران دېگەندەك ۋاسىتىلار لازىم بولىدۇ. بۇ، ئەقەللىي ساۋات. رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، يونان فىزىكى ئارخىمېد يۈز نەچچە تونناژلىق بىر كېمە ياسىماقچى بولۇپ تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن بىر دەريا ساھىلىداكېمىنى قۇراشتۇرۇپتۇ. ئەمما ئۇنى قانداق قىلىپ سۇغا چۈشۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلالماي بېشى تازا قېتىپتۇ. ئاخىرى ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، فىزىكا قا-

نۇنسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، پىشاكىنى ئىجاد قىلىپتۇ-دە، ئۇنىڭ بىلەن ھېلىقى زور كېمىنى ئىتتىرىپ سۇغا چۈشۈرۈپتۇ. ئارخىمىد كېيىنچە بۇ چارىسىدىن كۆرەڭلەپ ئاشۇ پىشاك بىلەن ھەتتا يەر شارىنىمۇ يۆتكىمەكچى بولغانىكەن. ئەمما بىزنىڭ بۇ ھېكايىدا كۆزدە تۇتقىنىمىز كۈچ يەل كېمىسىدىن پايدىلىنىپ نەرسە-كېرەك يۆتكەيدىغان ياغاچ ياكى تۆمۈردىن تەييارلانغان پىشاك ئەمەس. ئۇ ئۆزى رەڭلىك، گۈللۈك قەغەزدىن ياسالغان، قاتلاپ يانچۇققا سالغىلى، خالىساڭ بانكىدىمۇ قويغىلى بولىدىغان ئىخچام تۆت چاسا نەرسە. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ بىلەن خاس نەرسە-كېرەكلەرنىمۇ ئەمەس، ھەتتا ئادەملەرنىڭ قەدىر-قىممىتىنى، كۆڭلىنى، ۋىجدانىنى دوستلۇق، تۇغقانچىلىق رىشتىلىرىنىمۇ سېتىۋالغىلى، يۆتكىگىلى بولىدۇ.

× ×

رەۋەيدۇللا ئەر-ئايال تۆت بالىسى بىلەن ھۆكۈمەت تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىككى ئېغىز، قىرىق بەش كۋادرات مېترلىق ئۆيگە زادى سىغىشمىدى. بالىلىرى يىلدىن يىلغا چوڭىيىپ ئىشىكتىن كىرسە-چىقسا دولىلىرى سوقۇلۇپ كېتىدىغان، بۇرۇن بىر داستىخان سېلىپ ئازادە تاماقلىنىدىغان سۇپىغا ئەمدى سىغىشمايدىغان بولدى. بالىلارنىڭ چوڭلىرى رەسىدە بولۇپ قالغاچقا ئەر-خوتۇنچىلىقتىكى نۇرغۇن ئىشلاردا كۈتمىگەن كېلىشمەسلىكلەر پەيدا بولاتتى. بىر مېھمانخانا، بىر ياتاق ئۆيىدىن ئىبارەت بۇ روزىغاردا بالىلار كېچىلىرى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتمىگىچە ئەر-خوتۇن ئىككىسى باشقا ئىشلار تۈگۈل بىر-بىرىگە تىكىلىپ قارىيالمايتتى. مۇشۇ ئەھۋالدا كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇلارنى ئۆز قوينىدا ئىللىتىپ كەلگەن بۇ ئۆي رەۋەيدۇللاغا خۇددى سەرەڭگە قېپىدەك، كىچىك چاشقان تۆشۈكىدەك تار تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئولتۇرسا-قوپسا ئازادە ھويلىلىق بىر ئۆيگە ئېرىشىشنى خىيال قىلاتتى، ھەتتا كېچىلىرىمۇ شاھ قەسىرىدەك باغ-ۋارانلىق، قۇببە شىپاڭلىق، كاتتا ئۆيلەردە يېتىپ-قوپۇپ چۈشەيدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ ئازادىراق بىر ئۆي سېلىپ بۇ سولاقمىدىن تېزراق كۆچۈپ كېتىش ئارزۇسى رەۋەيدۇللانىڭ تومۇز كۈنلىرىدىكى تەكلىماكان چۆلىدەك تىنچ كۆڭلىنى شىۋىرغانلىق كېچىدىكى دېڭىزدەك داۋالغۇتۇپ ھەر ئامال قىلىپ يەر ھەل قىلىپ ئۆي جاي سېلىشتەك رېئال ھەركەتكە ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ ئۆي سېلىش نىيىتىگە كېلىشىمدە يەنە مۇنداق بىر ئاساسىمۇ بار: مۇھىمى رەۋەيدۇللا مۇشۇ يەرلىك. كىندىك قېنى شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدىن بىرى بولغان گۈزەرگە تۆكۈلگەن. بۇ يەرگە ھازىر ھۆكۈمەت تارماقلىرى سېلىۋاتقان ئېگىز، ھەشەمەتلىك بىنالارغا مۇسابىقە ئېلان قىلغاندەك نەدىكى ياقا يۇرتلۇقلارمۇ مولاپ-مولاپ يەرلەرگە ئۆي سېلىۋاتىدۇ. رەۋەيدۇللانىڭ دادىسى كوپېراتسىيە قۇرۇلغاندا ئىلگىرى ئالتۇنغا سېتىۋالغان يىگىرمە تۆت مو يېرىنىمۇ شۇ گۈزەرنىڭ ھۆكۈمىتىگە ئات-ئۇلاغلىرى، سوقا-سايمانلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. شۇڭا ئۇ كەنت تەشكىلىدىن بەش-ئالتە فۇڭ يەر تەلەپ قىلىشقا ئەلۋەتتە ھوقۇقلۇق.

رەۋەيدۇللانىڭ ئۆي سېلىش نىيىتى كاللىسىدا رەسمىي قارار تاپقاندىن كېيىن ئەتىياز كېلىپ، ئېرىق-ئۆستەڭلەردە ئەگۈز سۇيى ئېقىش بىلەن تەڭ، ئۆيلۈك يەر ھەل قىلىشقا تەرەددۇتلاندى. ئۇ، ئالدى بىلەن ئۆز ئىدارىسىدىن تارتىپ تاكى ئاتا-ئانىسى ئولتۇرۇشلۇق مەھەللە كومىتېتىغا قەدەر ھەممە مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن ئۆيلۈك يەر بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە دوكلات، ئىلتىماس، ئىسپاتنامىلارنى تولۇق تەق قىلدى.

رەۋەيدۇللا يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئا-

ساسلار ۋە كەنت باشلىقىنىڭ: «يېزا باش-
لىقى ئىلتىماسىنىڭ بۇرجىكىگە «قوشۇلى-
مەن» دەپ بىر ئىلىكخەت جىجىلاپلا بەر-
سە ئۆيلۈك يەرنى خالىغان جايدىن ئالى-
سەن ئۇكا، هازىر رەسمىيەت شۇنداق» دې-
گەن سۆزلىرىدىن ئۈمىدكە تولغانىدى. ئۇ
بۇ ئىشنى خۇددى ئۆتكەن يىلى هېيت
هارپىسىدا جامائەتنىڭ ئالدىدىن باھا تالى-
شىپ قۇربانلىق قوي سېتىۋالىدىغاندەكلا
بىر ئىش دەپ ئويلايتتى. شۇڭا رەۋەيدۇل-
لانىڭ بېشىدا يەرنىڭ ئەمەس، بەلكى يا-
غاچ - تاش،خىش - كېسەكقاتارلىقلارنىڭ
غېمى كۆپرەك ئىدى.
رەۋەيدۇللا ئاپرېل ئېيىنىڭھاۋا ئوچۇق
بىر ئەتىگىنى ئۆيىدىن «بىسمىللا» دەپ
بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتىنى ئېلىپ، ئۆيلۈك
يەر سۆزلىشىش ئۈچۈن چىقتى. ئۇ يېزا
باشلىقىنى ئىزلەپ ماڭغانىدى. شۇ تاپتا
ئۇنىڭ كۆڭلى خىزمەت نورمىسىنى ئاشۇ-
رۇپ ئورۇنداپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە بېرىلى-
دىغان مۇكاپات سوممىسىنى ئېلىش ئۈچۈن
كېتىۋاتقانكىشىدەك شادىمان ئىدى. چۈنـ
كى ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشام كەڭ كۇشادە ئۆي
سېلىپبالا - چاقىلىرى بىلەن بىمالال ئې-
چىلىپ-ياىراپ ياشاش ئارزۇسىنى ئائىلى-
سىدىكىلەربىلەن ئورتاقلاشقانىدى. رەۋەي-
دۇللانىڭ بۇ پىلانىدىن تارچىلىقنىڭجەۋ-
رىنى هەممىدىن كۆپرەك تارتقان ئايالى،
ئۇنىڭدىن بەكرەك يېتىپ-قوپۇش، تاپشۇ-
رۇق ئىشلەشكە ئايرىم بىر ئۆي سېلىپ
بېرىش ۋەدىسىگە ئېرىشكەن بالىلار چەك-
سىز خۇشال بولدى. ئۇلار مۇشۇنداق شاپا-
ئەتچى دادىغا، ئايال مۇشۇنىدان مېهرى-
بان ئەرگە ئېرىشكىنىگە تولىمۇ شادلاندى.
پۈتۈن ئائىلە ئۆزلىرىنى پارلاق كەلگۈسى
چاقىرىۋاتقاندەك ئويناقهېسسىيات، بەخت

تۇيغۇسى ئىلكىدە بۇ ئاتا بولغۇچىغا مەم-
نۇنىيەت بىلەن قاراشتى. ئۇلارنىڭ بۇقا-
رىشىدا «سەنهەقىقىي ئاتا، سەن بىزنىڭ
پاناهىمىز» دېگەنمەنا باردەك ئىدى. با-
لىلارنىڭ شادلىقى، ئازادە ئۆينىڭ پى-
راقىدا ئوت بولۇپ يانغان ئايالنىڭ مۇ-
هەببەت، رازىمەنلىك بىلەن قاراشلىرى
رەۋەيدۇللاغا ئەرلىكغۇرۇر، ئاتىلىق بۇر-
چىنى تېخىمۇ ئوبدانهېس قىلدۇرغانىدى.
رەۋەيدۇللا ئاخشامقى ئاشۇ شاد كەي-
پىياتىنىڭ مەستخۇشلۇقىدا يولدا كېتىۋې-
تىپمۇ بىر - بىرىدىن شېرىن خىياللارنى
سۈرمەكتە ئىدى. «تۇغۇلمىغان تايغا ئى-
گەر توقۇپتۇ...» دېگەندەك تېخى سېلىنمىغان
ئۆيدە بىر ئېغىللىق نەسىللىك قوي بې-
لەن، بىر ئۆگىلىق توخۇ بېقىش، بېغىغا
سەر خىل مېۋە كۆچەتلىرىنى سېلىپ هوي-
لىنىڭ گۈلتاش ئۈستىگە كۆركەم، پۇراق-
لىقگۈل تەشتەكلىرىنى تىزىشقا ئوخشاش
ئائىلە ئىشلىرى ئۇنىڭ كەلگۈسى پىلانىغا
كىرمەكتە ئىدى. شۇ ئەهۋالدا ئۇ يېزىلىق
هۆكۈمەت قورۇسىغا كىرگىنىنى تەستە
ئەسكە ئالدى. ئۈستىگە يېڭىلا ئېچىلغان
تال كۆچەتلىرى ئارتىلغان جاهازىلار قور-
شاۋىدىكى قورو يولى تال نوتىلىرىدىن
ئاققان سۇلار بىلەن گويا سىم - سىم يام-
غۇر ياغقاندەك ئاندا - مۇندا هۆل بولۇپ
قالغانىدى. دەرۋازا يېنىدىكى ئۆرۈك ئا-
تىدا بىر نەچچە كۈندىن بېرى چۈشكەن
بىخ پوستىلىرى غۇژژىدە چېچىلىپ ياتاتـ
تى. هەممە ياقتىن باهارنىڭ، باهاردايۇم-
شىغان مۇنبەت تۇپراقنىڭ هىدى كېلەتتى.
نېرىراقتىكى كۆچەتلەردە ئاق قۇشقاچلار
بۈگۈنكى ئاپتاپتىن خۇشاللانغاندەك شوخ
سايرىشاتتى. رەۋەيدۇللا هويلا ئوتتۇرى-
سىدىكى يۇمىلاق گۈللۈكنى ئايلىنىپ ئۆت-

www.uyghurkitap.com

كەندىن كېيىن ئۇدۇلدىكى كۆتەرمە قىلىپ ئېلىنغان ئىشخانا بىناسىغا سەپ سالدى. ئۇ بىنانىڭ ئوڭ تەرەپ چەتتىكى ئۆيىنىڭ پېشانىسىغا «يېزا باشلىقى ئىشخانىسى» دېگەن پەيزە قاداغلىق تۇرغانلىقىنى نەزەردىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئالدىدىكى پەشتاقنىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا ئاستاغىنا قەدەم باستى. قەدەم باستى-يۇ، لېكىن كۆڭلىگە بىر خىل ئەندىشە، قورقۇش، ئۈمىدسىزلىكتەك بىر خىل ھېسسىيات سايە تاشلىغاندەك بولدى. ئاياغلىرى زۇكام تەگكەن كىشىدەك بوشىشىپ ئىككىنچى پەشتاققا قەدەم بېسىشقا جۈرئەت قىلالماي قالدى. ۋۇجۇدىدىن ئەتىگەن ئۆيدىن چىققاندىكى قۇربەت، ئىشەنچ يوقالغانىدى. پۈتۈن خىيالىنى بۇ يېزا باشلىقى ئىلتىماسىمغا نېمە دەركىن، شۇ تاپ ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان «ماقۇل» بىلەن «ياق» ئائىلەمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مېنىڭ كەيپىياتىمغىمۇ تەسىرى چوڭ بولىدۇ. ھەي، زادى بۇ قانداق ئادەمدۇ، كىشىلەر ئۇنى چۈشەنمەك تەس مۇرەككەپ بىر ئادەم، ئۇنىڭمۇ ئىككى-ئۈچ يەردە ئۆيى بار دېيىشىۋاتىدۇ، بۇ راستىمىدۇ، خۇدا كۆڭلىگە ئىنساب بەرگەي. رەۋەيدۇللانىڭ پىكىر-خىيالى يېزا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى چېكىشكە قول كۆتەرگەندىلا ئۈزۈلدى. ئىشىك يەڭگىل چېكىلگەندىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن «ھە» دېگەن ئۇرغۇلۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەمما بۇنى ھەرخىل مەنىدە يەنى «ئۆيدە مەن بار» دېگەن مەنادىمۇ، «كىرىڭ» دېگەن مەنادىمۇ چۈشىنىش مۇمكىن ئىدى. رەۋەيدۇللا بۇنى ھەر ھالدا كىرىشكە ئىجازەت بەرگەنلىك دەپ چۈشەندى-دە، ئىشىكنى جۈرئەت بىلەن ئاچتى. ئۆيگە قارا، يېڭىلا قىرىلغان ئېڭەكلىرىدىكى ساقال ئورنى ھاۋارەڭ تۈستە چانىدىغان، تاقىر بېشىغا خورمىرەڭ كەپكە كىيىپ، دراپ پەلتوسىنى يېپىنچا قىلىۋالغان پاكار يېزا باشلىقى ساپادا ئولتۇرۇپ شىرە ئۈستىدىكى ھورى چىقىپ تۇرغان قايناقسۇ بىلەن ئېغىزى ئېچىپ قويۇلغان بىر نەچچە قۇتىدىن دورىلارنى ساناپ ئېلىپ يەۋاتاتتى. يېزا باشلىقى رەۋەيدۇللانى كۆرۈپ خالار-خالىماس ھالەتتە قول ئىشارىسى بىلەن ساپاغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قۇتىدىن ئىككى تال تابلېت دورىنى ئېلىپ، ئاغزىغا سالدى-دە، ئارقىدىن بىر يۇتۇم قايناقسۇ ئىچىپ دورا ئىچىش مەشغۇلاتىنى تاماملىدى. رەۋەيدۇللا يېزا باشلىقىنىڭ دورا ئىچىش جەريانىدىكى تەمكىن، زېرىكمەسلىكىدىن ئۇنىڭ خىزمەتتىمۇ رەتلىك، ئەستايىدىل، ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىشلەيدىغان ئادەملىكىنى پەم قىلدى. ئۇ ھەر بىر دورىنى ئىچىشتىن بۇرۇن قۇتىدىكى تەلەپلەر چۈشەندۈرۈلگەن خەتلەرنى ئالدىرىماي ئوقۇيتتى. ئاندىن كۆرسەتمە بويىچە دورىنى ساناپ ئېلىپ قايناقسۇ بىلەن ئىچەتتى. بۇ ئىش ئالدىدىكى ئالتە-يەتتە قۇتا دورا تۈگىگىچە شۇ تەرىقىدە داۋام قىلدى. رەۋەيدۇللا بۇنىڭدىن يېزا باشلىقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيلۈك يەر تەلەپ قىلىش ئىشىغىمۇ ئەنە شۇنداق دورا ئىچكەندەك ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولىدۇ دەپ پەرەز قىلدى ھەم شۇنداق ئۈمىدتە ئىدى. چۈنكى رەۋەيدۇللا ئۈچۈن ھازىر ئۆيلۈك يەر يېزا باشلىقىغا شىپا بولىدىغان ئاشۇ ئەتىۋار دورىلاردەك مۇھىم. رەۋەيدۇللا ئېلىپ كەل-

گەن ئىلتىماس، دوكلات، ئىسپاتنامىلەر-
دىمۇ بۇ زۆرۈرىيەت ئالاھىدە قەيت قىلىن-
دى. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، يېزا باش-
لىقى بۇ بىچارە كادىرنىڭ ئەھۋالىنى دوك-
لاتتىن ئۇقسىلا ئىچ ئاغرىتىپ بولسىمۇ
بەش - ئالتە پۇڭ يەرگە چوقۇم تەستىق
سېلىۋېتىدۇ.

— هە، كەپقاپسىز، بىرەر ئىشىڭىز بار-
مىدى؟ — يېزا باشلىقى شۇ سوئاللارنى سو-
رىغاچ رەۋەيدۇللانىڭ بېشىدىن ئايىغى-
غىچە ئۇنىڭ بوي - بەستىنى تەكشۈرمەكچى
بولغان دوختۇردەك تازا سىنچىلاپ قاراپ
چىقتى. ئادەمنىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە
قاراپ چىقىش كۆپىنچە پۇلدار بايلارنىڭ،
بەزى كىبىرى، تەمەننالىق تورى ئەمەلدار-
لارنىڭ خاراكتېرىدە ئۇچرايدىغان ئالاھى-
دە بىر خۇسۇسىيەت. ئۇلارنىڭ بۇ خىل قا-
رىشىدا چوقۇم ئۆزىدىن تۆۋەن ئاۋام پۇق-
رانى كەمسىتىش، كۆزگە ئىلماسلىق نەزەرى
يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەمدى بۇ مۆھ-
تىرەم يېزا باشلىقىنىڭ قارىشىدا شۇنداق
ئ مۇئال بارمۇ يوق، بۇنى بىر نېمە دې-
مەك تەس. رەۋەيدۇللا باشلىقنىڭ دەبدە-
بىلىك سوئالىدىن بىردەمگىنە تېڭىرقاپ
قېلىپ ئېغىزىغا سۆز كەلمەي قولىدىكى
ئىلتىماسلارنى ئالدىغا ئىككى-ئۈچ قەدەم
سىلجىپ ئۇنىڭغا قوش قوللاپ تەڭلىدى.
باشلىق خەت - چەكلەرنى ئېلىپ ئۇلارنى
چالا - پۇلا كۆرۈپلا مەقسىتىنى دەرھال
چۈشەندى. ئۇنىڭ تەجرىبىلىك كۆزلىرى،
تەپەككۇرى ئۆزىگە ئەرز - هال ئېيتقۇچى-
نىڭ كەيپىياتىدىن ۋە ئىلتىماسىنىڭ باش
قۇرىدىن ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى ئاسانلا باي-
قىۋېلىشقا ئادەتلەنگەنىدى.

— كېچىكىپسىز ئۇكا، هازىر ئۆيلۈك
يەر بېرىش توختىتىلدى. يېقىندا مەركەز-

نىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىگىلەپ ئۆي-ئىم-
ارەت سېلىشنى چەكلەش ھەققىدە مەخ-
سۇس ئۇقتۇرۇش كەلدى. بولمىسا سىزنى
نائۈمىد قىلغۇم يوق ئىدى. رەنجىمەڭ، -
دېدى يېزا باشلىقى كىسىپ يۇمشاق تە-
لەپپۇزدا. رەۋەيدۇللا شۇئان چىرايىدا
ئەكس ئەتكەن ئۈمىدسىزلىك، خاپىلىق ئا-
لامەتلىرىنى چاندۇرمايلا يېلىنىش ئاھاڭى-
دا دېدى:

— يەنە بىر ئويلىشىپ باققان بولسىلا،
هازىر توخۇ كاتىكىدەك ئۆيدە ئالتە جان
ئادەم قوي - كالىدەك تىقىلىپ ياشاۋاتى-
مىز. شۇ تاپتىكى هالىمىزنى كۆرسە ھەر
كىمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ.

— دېمىسەممۇ بىلىسىز، يېزىمىز شەھەر
ئەتراپىغا جايلاشقان بولغاچقا، خېلى كۆپ
يەرلەر ئىدارە - جەمئىيەتلەرگە بېرىۋې-
تىلدى. دېھقانلارغا ئوزۇقلۇق يېرىمۇ يې-
تىشمەي شورلاقتىن يەر ئېچىۋاتىمىز ئۇكا،
بىزنى تەڭلىككە سالماڭ.

— ئاڭلىسام تېخى يېقىندا يەر تەستە-
قى ئالغانلارمۇ باركەن. گۈزەردە، بىزنىڭ
كونا مەھەللىدە كەنت باشلىقى ھەپتە بۇ-
رۇن ئۈچ كادىرغا سەيلىكتىن ئۆيلۈك يەر-
گە قوزۇق قېقىپ بەردى. بۇ كەڭرى زې-
مىندا ماڭىمۇ بىر نەچچە فۇڭ يەر چىقىپ
قالار شاڭجاڭ، بىر ئېتىبار قىلسىلا.

— سىز مەي جۇجاڭ، تۇ بۇجاڭلارنى
كۆزدە تۇتۇۋاتامسىز؟ ئۇلارغا ئۆزىڭىزنى
سېلىشتۇرماقچىمۇ؟

— ياق، مەن كۆرگىنىمنىلا دېدىم.

— بىلىپ قېلىڭ، رەھبىرىي كادىرلار-
غا ئېتىبار قىلىش توغرىسىدا يۇقىرىنىڭ
بەلگىلىمىسى بار. نىمىشقا ئۇلارغا ئولتۇ-
رۇشقا بەرگەن ۋولگا، سانتانالارنى سىز-
گە بەرمەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ مۇئاش تەمىناتى

نېمە ئۇچۇن سىزنىڭكىدىن يۇقىرى بولـ
دۇ. ئۇلارنىڭ تۆھپىسى، جاپاسى كـۆپ.
مانا مەن ئۆزۈمنى ئالسام بىر يېزىغا،
يەتمىش ـ سەكسەن مىڭ ئادەمنىڭ هاـ
يات ـ ماماتىغا مەسئۇلمەن. كېچە ـ كۈنـ
دۈز شۇلارنىڭ غەم ـ غۇسسىسى، تىرىقـ
چىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، پىلە
بېقىش، نامراتلارنى يۆلەش دېگەندەك تۈرـ
لۈك ـ تۈمەن ئىشلار بىلەن هەلەكمەن. بىـ
لىشىمچە سىز ئوقۇتقۇچى. يىل بويى بىر
ئۆيگە قىرىق ـ ئەللىك ئوقۇغۇچىنى سوـ
لاپ شۇلارغا ساۋاق ئۆگىتىسىز، سىنىپىڭىز،
مەكتەپىڭىز تېمى بار، ئۇلار قېچىپ كەتـ
مەيدۇ. ئاش ـ تاماق، كىيىم ـ كېچەككە
ئاتا ـ ئانىسى مەسئۇل. ئارتۇقچە غېمىـ
ڭىز يوق، قېنى ئىككىمىزنى سېلىشتۇرۇپ
بېقىڭ، قايسىمىزنىڭ يۈكى ئېغىر؟ ـ يېزا
باشلىقى رەۋەيدۇللاغا قاراپ مەسخىرىلىك
ھىجايدى.

رەۋەيدۇللا ئۇنىڭ بۇ تەنە،
ھەزىل ئارىلاشقان سېلىشتۇرمىسىنى چەـ
دام بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئاڭلىدى.
ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى. ئۇ ھېسابىنى
ئىنچىكە قىلىپ ئۆمۈر بويى ئوقۇتۇپ قاـ
تارغا قوشقان، ھازىر ھەر قايسى سەپلەرـ
دە ئىشلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنى، ئۇلارـ
نىڭ ئەمەل ـ ناملىرىنى ساناپ بېرىپ، تېخى
شاڭجاڭلىق تەختىگە ئولتۇرغىنىغا ئۈچ يىل
بولغان بۇ ئادەم بىلەن ئوبدانراق ھېسابـ
كىتاب قىلىشىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈردى. لېـ
كىن يېزا باشلىقىنىڭ كەيپىياتىنى نەـ
زەرگە ئېلىپ بۇ نىيىتىدىن ياندى ـ دە:

ـ بىزنىمۇ ھېچكىم توخۇ كاتىكىدە مەڭگۈ
ئولتۇرۇۋەرسۇن دېمىگەن ـ دە، گەرچە تۆھـ
پىمىز سىلىگە يەتمىسىمۇ ـ دەپلا جىم بولدى.

يېزا باشلىقى رەۋەيدۇللاغا ھەيرانـ
لىق نەزەر بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ
بىر ئاز جىددىيلەشكەنىدى.

ـ بۇ يەردە گېپىڭىزنى ئاڭلاپ ئولـ
تۇرۇۋەرسەم بارا ـ بارا خورازدەك بازـ
غىپ مەن بىلەن ئېلىشقۇدەكسىز. راستىنـ
نى دېسەم سىز بىلەن تالىشىپ ئولتۇرـ
مايمەن. يەر تەستىقلاش ھوقۇقىنىمۇ ھاـ
زىر ناھىيە تاپشۇرۇۋالدى. خالىسىڭىز،
ھاكىمنىڭ قېشىغا بېرىڭ. ئۇ، ئورنىدىن
تۇرۇپ ئىلتىماسلارنى رەۋەيدۇللاغا
تەڭلىگەچ سىرتقا مېڭىشقا تەمشەلدى. بۇ
ھەم ئۇنىڭغا «سىزمۇ يولىڭىزغا مېڭىڭ»
دېگەندىن دېرەك ئىدى. رەۋەيدۇللا يېزا
باشلىقىنىڭ قولىدىن خەت ـ چەكلەرنى
ئىتتىك ئالدى ـ دە، كەينىگە يانغانچە
قايتا گەپ ـ سۆز قىلماي ئىشخانىدىن چىـ
قىپ كەتتى. قورودىن چىقىپ دەرۋازىغا
بارغاندىلا كەينىگە ـ يېزا باشلىقىنىڭ
ئىشخانىسىغا ئەپسۇسلۇق نەزەر بىلەن
قاراپ قويدى. ئۇ چوڭ يولغا چىقىپ ئۆي
تامان ئاستاغىنا يۈرۈپ كەتتى. شۇ تاپتا
ئۇ ئۆزىنى سوغۇقتا تۇڭلاۋاتقاندەك، ئاـ
نىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلالماي ھەسـ
رەتتە قالغان بىچارە كىشىدەك ھېس قىـ
لاتتى. ئالدىدا، مۇئەللەقتە ئېسىلىپ
تۇرغان، جىمى مەۋجۇداتقا كۈلۈپ قاراپ
سېخىيلىق بىلەن پارلاق نۇرىنى، ئاتەش
ئىسسىقىنى بېرىۋاتقان قۇياشمۇ ئۇنىڭ
مۇزلىغان تېنىنى ئىللىتالمايدىغاندەك،
يول ياقىسىدىكى ئېكىنزارلىقلاردىن ئاڭـ
لىنىۋاتقان دېھقانلارنىڭ «ھوش تاپ» ئۈنى،
قاتار كەتكەن سۆۋادان تېرەكلەردە باھار
نەغمىسىگە چۈشكەن قارىغۇجىلارنىڭ دىلـ
نى ئويغىتىدىغان يېقىملىق ئاۋازى،
كوچىدا چوكانتالدىن ئويۇنچۇق ياساپ
قوغلىشىپ ئويناۋاتقان سەبىيلەرنىڭ قىـ
يا ـ چىيالىرىمۇ ئۇنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە

تەسەللىي بولالمايدىغاندەك ئىدى. يېزا باشلىقىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇ بەكمۇ خورلۇق ھېس قىلغانىدى. ئېمىشقىمۇ ئۆي سېلىش نىيىتىگە كەلگەندىمەن، دەيتتى ئۇ ئىچىدە، لېكىن ئۇ ئەمدى كەينىگە يانالمايتتى: ئۆي سېلىش ئىستىكى ھازىر ئۇنىڭلا ئارزۇسى ئەمەس. نەچچە كۈندىن بۇيان پۈتۈن ئائىلە ئۆي سېلىشتىن ئىبارەت مۇشۇ مۇقەددەس پىلانىنىڭ تۈرتكىسىدىن كۈنى شاد - خۇراملىقتا ئۆتمەكتە. رەۋەيدۇللانىڭ ئائىلىسىنىڭ بۇ بەختىيار كەيپىياتىنى، تۈتۈنگە ئايلاندۇرغىسى يوق. ئۈمىدكە تولغان بالىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ مېھرىبان، جاپاكەش ئايالىنىڭ مەيۈسلۈككە چۈشكەن چىرايىنى كۆرگىسى يوق. گەرچە كۆڭۈل چوتىدا ھېلىقى يېزا باشلىقىدەك ئادەملەردىن بىرەر ئۆيلۈك يەر ئېلىش جەڭ قىلىپ شەھەر ئالماقتىنمۇ تەسلىكنى ھېسابلاپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن يەنە مېڭىپ كۆرۈشنى، ھاكىم بولامدۇ ياكى باشقىسىمۇ مۇشۇ ئىشقا ياردىمى تېگىدىغانلا ئادەم بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈشنى نىيەت قىلدى.

رەۋەيدۇللا يول بويى ئۆيلۈك يەر ئېلىش نىيىتىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئارزۇسىدا يەنە قانداق يوللارنى مېڭىش، كىملەر بىلەن ئالاقىلىشىش، قايسىبىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش دېگەندەك خىياللار بىلەن كۆڭلىدە جاھان تاسقاپ مېڭىپ كىشىلەر چۈشلۈك دەم ئېلىشقا تارقىغاندا ئاندىن ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يېزا باشلىقى بىلەن بولغان سۆھبەت نەتىجىسىنى، شۇ تۈپەيلى پەرىشان بولغان كۆڭلىنى ئائىلىسىدىكىلەردىن پىنھان تۇتۇپ تاكى تاماق يېيىلىپ بولغىچە يەر ئىشى توغرىسىدا ئېغىز يېرىپ بىر نەرسە دېمىدى. ئايالىنىڭ، بالىلىرىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ئۇياندىن - بۇياندىن جاۋاب بېرىپ بولدى قىلاتتى. بالىلارغۇ بىر گەپ، لېكىن رەۋەيدۇللانىڭ بۇ خىلسىرلىق كەيپىياتى ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىل بىر ياستۇققا باش قويغان، ئېرىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى بەش قولدەك بىلىدىغان ئايالىنى تولىمۇ بىتاقەت قىلدى. ئۇلار ئەر - خوتۇن بولۇشقاندىن بېرى ھېچقانداق بىر ئىشنى بىر - بىرىدىن بىرەر سائەتمۇ سىر تۇتۇشمىغانىدى. شۇڭا ئايال تەئەججۇپىنى باسالماي بالىلار مەكتەپكە مېڭىش ئۈچۈن ئىشىكتىن چىقىشىغىلا ئېرىدىن سورىدى:

— يەر ئىشى قانداق بولدى، ھېچگەپ قىلمايسىزغۇ؟

— ئايالىنىڭ ھامىنى مۇشۇنداق بىر سوئال قويىدىغانلىقىنى پەملەپ ئولتۇرغان رەۋەيدۇللا ئۇنىڭ تەشۋىشى، ئۈمىد ئارىلىشىپ كەتكەن چىراي ئىپادىلىرىگە ئېچىنىش نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى.

— نېمانچە ئالدىرايسىز، بۇ سىز بازاردىن كۆكتات سېتىۋالغاندەك ئۇنداق ئاسان ھەل بولىدىغان ئىش ئەمەس، تېخى ئەمدىلا بىرىنچى قەدەمنى باستۇق.

— نېمىشقا ئالدىرىمايدىكەنمەن، سىز كۈنبويى تالا - تۈزدە يۈرگەچكە تارچىلىقنىڭ دەردىنى مەندەك تارتمايسىز. بەزىدە ئۆيگە ئىككىدىن ئارتۇق مېھمان كىرسە خىجالەتتىن يەر يېرىلسا كىرىپ كەتسەم دەپ كېتىمەن. كونىلار: «دۆۋە بولسىمۇ ئۆز ئېرىم بولسا، ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆز ئۆيۈم بولسا» دەپتىكەن. مېنىڭمۇ باشقىلاردەك كەڭ كۈشادە ئۆيدە ئېچىلىپ - يايراپ ئۆتكۈم بار.

رەۋەيدۇللا ئىندىمىدى. ئۇ بىر ئائىلە-

ننىڭ ئۇقىدا كۆيۈپ پىشىپ يۈرگەن بۇئا-
جىزەننىڭ ئۇمىد شامىنى دەسلەپپىدىلا ئۆ-
چۈرۈۋېتىشنى خالىمىدى. ئۆزىنىڭمۇ بىر
ئۆي - جاي بىنا قىلىپ ئەرلىك، ئاتىلىق
غۇرۇرىنى نامايان قىلىشتەك شېرىن ئار-
زۇ خىياللىرىنىڭ، يېزا باشلىقىنىڭ كۆز
كۆنىدىكى گۈلدۈرمامىدەك قاتتىق، يىلان
زەھىرىدەك ئاچچىق سۆزلىرىدىن جۇدۇندا
قالغان مايسىدەك سولاشقان بولسىمۇ يە-
نىلا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئايالىغا تە-
سەللىي قىلدى.

— سەۋر قىلايلى، چوقۇم بىزنىڭمۇ ئۆ-
يىمىز بولىدۇ.

— ھېلىمۇ جىق سەۋر قىلدۇق. بىزدىن
بەش - ئون يىل كېيىن خىزمەتكە چىق-
قانلار ۋە بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگىلى
ئىككى - ئۈچ يىلمۇ توشمىغانلاردىن بىر
نەچچىسىنىڭ ئۆي چېپىغا باردۇق، بىز-
نىڭ شۇلاردىن قەيېرىمىز كەم.

رەۋەيدۇللا ئايالىنىڭ بۇ ئىسپاتلىرىغا
بىرەر ئورۇنلۇق دەلىل بىلەن رەددىيە
بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ دېگىنى رەۋەيدۇللا-
نىڭ كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان رېئال-
لىق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئايالى بىلەنكى بۇ
سۆھبەتنى مادارا يولى بىلەن تۈگەتىش
نىيىتىدە ئىش تۇتتى.

— ئۆزىمىزنى باشقىلارغا سېلىشتۇرغان
بىلەن بىكار. تەڭرىمۇ بەندىلىرىنىڭ زۇۋۇ-
لىسىنى ئەسلىدىلا تەڭ ئۈزمىگەنىكەن، مەن
دېگەن ئانچىكى بىر ئوقۇتقۇچى، شۇڭا يە-
نىلا سەۋر قىلغىنىمىز تۈزۈك. قايسى بىر
دانىشمەن: «سەۋر بىرچۇپقە تىتۇركى ئۈمىد-
نىڭ ۋاقتى ئۇزۇن، ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرى
ۋىسالغا تۇتاشتۇر؛ سەۋر بىر ئاتۇركى
ئۆزى ئاستىراق ماڭىدۇ، ئەمما مەنزىلگە
يەتكۈزىدۇ» دېگەنىكەن. مەن بۇ ئىشقا دا-
ۋاملىق ماڭىمەن.

بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچلىرى سى-
ناقتىن ئۆتكەن، تۆت بالا يۈزى كۆرگەچە
سەن - مەن دېيىشىپ باقمىغان بۇ ئەر -
خوتۇنلارنىڭ ئۆيلۈك يەر ھەققىدىكى پا-
رىڭى تاماق ۋاقتىنىڭ توشۇشى بىلەن ئۈز-
ۈلدى. ئايال نائىلاج داستىخان، قاچا -
قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇندى. رەۋەي-
دۇللامۇ چۈشتىن كېيىنكى دەرسكە كېچىك-
مەسلىك ئۈچۈن ئالدىراش ئۆيدىن چىق-
تى. ئۇ مەكتەپكە كېتىۋېتىپمۇ يەنىلا ئۆي
ھەققىدىكى خىياللاردىن نېرى بولالمىدى.
يول ئۈستىدە ئۇچرىغان ئادەم، ھارۋا،
دەل - دەرەخ دېگەندەك نەرسىلەر ئۇنىڭ
كۆزىگە بىر خىللا شەكىلدە، بىر خىل رەڭ-
دىلا، ماشىنا كۆزنەكىدىن كۆرۈنگەندەك
چېپىلىقاتتى. «ئەتە دەرسىمنى ئالماشتۇرۇپ
ھاكىم قېشىغا بارىمەن»، - دېدى ئۇ ئۆز-
ئۆزىگە مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىۋېتىپ.

× ×

رەۋەيدۇللا ھاكىم ئىشخانىسىغا كىرگەن-
دە ھېلىقى سۇرلۇك يېزا باشلىقىنىڭ يې-
نىغا كىرگەندەك ئانچە ھودۇقۇپ تەمتە-
رەپ كەتمىدى. ئۇ بۇرۇنمۇ مەكتىپىنىڭ مۇ-
دىرىدىن تارتىپ، ماتارىپ ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى، ھاكىم، پارتكوم سېكرېتارلىرى
دېگەندەك يۇقىرى قاتلام كىشىلەر بىلەن
مۇئامىلە قىلىپ باققان. ئۇلارنىڭ ئىشخا-
نىلىرىدىكى لۆم - لۆم ساپالاردا بىمالال،
ئازادە ئولتۇرۇپ دەيدىغىنىنى دېگەن. ئەم-
ما ئۇ نېمىشقىدۇر ھەممىشە چاپىنىنىڭ يې-
ڭىنى ساپماي كەينىگە ئىككى - ئۈچ دورغا
سېلىپ ئۇچرىغانلا كىشىگە چېپ-چېلىپ
يۈرۈپ خىزمەت قىلىدىغان، ياۋاش
ساددا دېھقانلارنىڭ سالاملىرىغا خا-
لىسا ھاپ لىڭشىتىپ، بولمىسا كۆرمەسكە

سېلىپ كېتىدىغان شاڭيۇ سۇپەت يېزا باش-
لىقىنىڭ يېنىدا ئۆزىنى قۇشخانىغا ئا-
پىرىلغان قويدەك ھېس قىلىپ قالدى. ما-
نا ئەمدى ھاكىمغا، ئۇنداق يېزا باشلى-
قىدىن ئۇن‌نەچچىنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا
باشقۇرىدىغان بىر نوپۇزلۇق ئادەمگە ھېچ-
بىر ھېيىقمايلا ئەھۋال ئېيتىدۇ، ھاكىممۇ
كۆرۈۋاتقان ھۆججىتىنى ئاخىرلاشتۇرغان
ھامان رەۋەيدۇللا بىلەن كۆرۈشكىلى ئور-
نىدىن تۇرىدۇ، يولداشلارچە تەڭ باراۋەر
كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى سوزىدۇ. ئان-
دىن ئۇلار تېگىشلىك جايلىرىغا ئولتۇرۇ-
شۇپ دوست - يارانلاردەك ئەركىن سۆز-
لىشىدۇ. ھاكىم رەۋەيدۇللانىڭ بىر ناھى-
يىنىڭ ئىشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ھېچقان-
چە بىر ئەرزىمەس تەلىپىنى ئاڭلاپ ئۇ-
نىڭغا غەمخورلۇقى تۇتۇپ دەرھال يېزا
باشلىقىنى تېلېفونغا چاقىرىدۇ. چۈنكى
ھاكىم دېگەن كۆپنى كۆرگەن، نەزەر دا-
ئىرىسى كەڭ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئىشنىڭ يو-
غىنى، سانائىنىڭ چوڭى، دەۋانىڭ ئېغىرى
كېلىدۇ. بەش - ئالتە‌فۇڭ يەر دېگەن ئۇ-
نىڭ ئۈچۈن نېمىتى؟ شۇ تاپتا ھاكىمنىڭ
قورۇق چۈشكەن چېھرىمۇ ئىشخانىسىدىكى
جاھاز، پەردىلەر، تامدىكى سۈرەتلەرمۇ رە-
ۋەيدۇللاغا ئىللىق مېھرى بىلەن قارشى
ئالغاندەك تۇيۇلۇۋاتامدۇ؟

— كەپقاپسىز مۇئەللىم، قېنىچ تۇر-
دىڭىزمۇ؟ - ھاكىم مۆلچەردىكىدەك رە-
ۋەيدۇللانى قىزغىن قارشى ئالدى. ئاپ-
تومانىڭ چايدانىدىن ھورى چىقىپ تۇرغان
قايناقسۇنى قۇيۇپ ئۇنىڭغا تۇتتى. ئان-
دىن «بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدى-
ڭىز،— دېگەندەك نەزەر بىلەن رەۋەيدۇل-
لانىڭ سۆز قىلىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

— ئۆزلىرىنى ئۆيلۈك يەر ئىشى بى-
لەن ئىزلەپ كېلىۋېدىم» - دېدى رەۋەي-
دۇللا ھاكىمغا خەت - چەكلەرنى سۇ-
نۇۋېتىپ.

ھاكىم ئەلتىماسنى ئوقۇپ تۈگەتكەن-
دىن كېيىن خەتلەرنى ئالدىرىماي قات-
لاپ يەنە لىپاپىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئۈس-
تەلگە قويدى - دە، ئالدىدىكى چاينى ئوت-
لاۋېتىپ دېدى:

— سىلەر ئوقۇتقۇچىلار ناھايىتى جا-
پالىق ئىشلەيسىلەر، لېكىن تۇرمۇش ئەھ-
ۋالىڭلار ئۇنچە ياخشى ئەمەس. يىللاردىن
بۇيان ناھىيىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئۆي -
جاي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خېلى كۆپ پۇل
ئاجراتتۇق، لېكىن ئادەم كۆپ بولغاچقا
يەنىلا يېتىشمىدى، مەن سىزنىڭ مەكتەپ
مۇدىرىڭلارغا ئېيتاي، سىزگە ئۆي ئىشى-
دا ئېتىبار قىلسۇن.

— مەكتەپتىن ماڭا ئۆي بەرگەن، لېكىن
بەك كىچىك بولغاچقا سىغىشمىدۇق.

— شۇنداقمۇ؟ ھەر نېمىدۇر ئۆي بې-
رىپتىكەنغۇ؟ بىلىسىز، ئۆيگە سىغىشماي-
دىغانلار ھازىر بەك كۆپ، ھەممە ساھەدە
بار. ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسىدە بىزنىڭ
نىشانىمىز ئالدى بىلەن ئۆيى يوقلار، يې-
گىدىن ئىگىلىنىدىغانلارنىڭ مەسىلىسىنى
ھەل قىلىش. ھاكىمنىڭ بۇ سۆزى رەۋەي-
دۇللانىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھەممە ئۈمىدى-
نى بىراقلا يوققا چىقارغاندەك بولدى - دە،
ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى.

— مېنىڭ ئەھۋالىم ھازىر ئۆيسىزلەر-
نىڭكىدىنمۇ يامان. چوپ‌چوڭلا بەش
ئادەم قەپەزدەك كىچىككىنە ئۆيدە تۇرۇ-
ۋاتىمىز. ئەگەر ماڭا بالا بەرمىسە بوپ-
تىكەن، مۇشۇ تاپتا ئەگەر توي قىلمىغان
ئادەم بولسام مەڭگۈ ئۆي - ئوچاقلىق بول-
ماسلىققا قەسەم ئىچكەن بولاتتىم.

رەۋەيدۇللانىڭ سۆزى ئۆيلۈك يەر تەلەپ قىلىپ كەلگەنلەرنى ھەممىشە مۇشۇنداق مودا گەپلەر بىلەن يولغا سېلىپ كەلگەن تەجرىبىلىك ھاكىمغا سەل - پەل تەسىر قىلدى بولغاي، قىزىشىپ سۆزلەۋاتقان بۇ ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتقۇچىنىڭ قېشىغا كېلىپ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ دېدى:

— ئۇنچىۋالا زەردىگۈش بولۇپ كەتمەڭ. ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولسا ھەل قىلىمىز، لېكىن ۋاقتى ئەمەس. مەن سىزنىڭ مەسىلىڭىزنى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىغا سالاي، ئېھتىمال ھەل بولۇپ قالار. ئۇنىڭغىچە يېزا باشلىقى بىلەنمۇ كۆرۈشكەچ تۇرارسىز، ئۇلارمۇ بىزگە ئوبدانلا بىر دوكلات يېزىشى كېرەك.

— يېزا باشلىقى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇمۇ سىلىنىڭ قاشلىرىغا كېلىشىمنى ئېيتتى.

— ئۇنداق بولسا مەن ئەھۋالىڭىزنى ئۇقۇشۇپ كۆرەي، لېكىن سەمىڭىزگە سېلىپ قويايكى، بىز دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى يىلدا بىرەر-ئىككى قېتىملا ئاچىمىز. ھەممە دوكلات-ئىلتىماسلارنى بىراقلا مۇزاكىرە قىلىمىز. ئۇنىڭغىچە سەۋر قىلىشىڭىز كېرەك.

رەۋەيدۇللا ھاكىم ئېيتقان بۇ سەۋر چېكىنىڭ قانچىلىكلىكىنى دەماللىققىچە پەملىيەلمىدى. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭغىچە بۇ ھاكىم ئۆز ئورنىدا بولامدۇ بولمامدۇ؟ دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىلسا بۇ يىغىن مۇزاكىرە قىلىدىغان تۈمەن-تۈرلۈك مۇھىم ئىشلار تەرتىپىگە رەۋەيدۇللاغا ئۆيلۈك يەر بېرىش توغرىسىدىكى مەسىلە تىزىلامدۇ يوق، بۇنىسى نامەلۇم. ئويلىغانسېرى ئۆيلۈك يەر ئېلىش ئىشى رەۋەيدۇللا ئۈچۈن گويا تېرەكتىن غورا تاما قىلغانىدەك، چېكى يوق بىر چۆل-جەزىرىدە ئىشانسىز يول يۈرگەنىدەك ئەخمىقانە بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلدى.

رەۋەيدۇللا ھاكىم ئىشخانىسىدىن ھەر نېمىدۇر ھېلىقىدەك ۋەدىگە ئېرىشىپ، چىرايلىق ئۇزىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى ئاۋۇ كۈنى يېزا باشلىقى ئىشخانىسىدىن چىققانىدىكىدەك ئوسال سەزدى. ئۆيگە بارغىچە ئوۋدىن قۇرۇق قايتقان كىشىدەك مەيۈس، خاپا ھالدا ماڭدى. ئادەم ئىشەنگەن كىشىدىن تىلىگەن نەرسىسىگە ئېرىشەلمىسە كۆڭلىگە پۈككەن كىچىككىنە يوللۇق ئارزۇسىمۇ باشقىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلمەسلىكى تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمىسا نېمە دېگەن خورلۇق! مانا ھەممە ئۇرۇنۇشلار، دەرىجىمۇ دەرىجە باشقىلارغا يالۋۇرۇپ - يېلىنىشلارنىڭ نەتىجىسى خۇددى سېۋەتكە سۇ ئۇسسۇغانىدەكلا ئاخىرلاشتى. ئەمدى كىچىككىنە بىر پارچە يەرنى دەپ نەلەرگە بارغۇلۇق.

ئۆي سېلىش ھەققىدىكى ئېزگۇ ئارمانلىرى، گۈزەل پىلانلىرى شۇنچە تېز سۇغا چىلاشقان رەۋەيدۇللا، شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئادەملەر مىغ - مىغ، ماشىنىلار ھەر يان ئۆتۈشۈۋاتقان ئاۋات رەستىدە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنۇتقان ھالدا يەنە كىملەرگە ئەرز ھال ئېيتىشنى، قانداق يوللارنى مېڭىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئوي ئويلىغان ھالدا ئاستا كېتىۋاتاتتى. ھەر تەرەپلىمە ئىزلىنەتتى. شۇئان ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئۆز تەبىئىتىگە ئويغۇن كېلىدىغان: «تايىلىغىدىن كىشىلەرگە يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ گۆھىرىمنى تاشقا ئۇرغىچە بار - يوقۇمنى سېتىپ بولسىمۇ تەييار ئۆيدىن بىرنى سېتىۋالسام قانداق؟» دېگەن ئەقلىنى تېپىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭۈل پا-

زىسىدا بىر ئۆمىد قۇياشى پارلىغانىدەك
بولۇپ ئۆزىنى خېلىلا يېنىكلىشىپ قالغانـ
دەك، كۆڭلى ئېچىلىپ قالغانىدەك ھېس
قىلدى.
روشەنكى ئۆي سېتىۋېلىش ئۆي سېلىشـ
قا قارىغاندا ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس.
پۇلۇڭ بولسىلا باغقا كىرىپ تاللاپ ئالما
ئۈزگەنىدەك، بازاردىن كۆڭلۈڭگە ياققان
نەرسىنى سودىلىشىپ ئالغانىدەكلا بىر ئىش.
ئالدى بىلەن ساتىدىغان ئۆيلەرنى ئوقۇـ
شۇپ، ساڭا لايىق ياكى ئەمەسلىكىنى،
ئۆيىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، ماتېرىياللىـ
رىنىڭ سۈپىتى قاتارلىقلارنى كۆرسەن،
باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى ۋە كۆڭلۈڭدە
سوققان چوتقا ئاساسەن ئۆي ئىگىلىرى
بىلەن باھا تالىشىپ بىرەرسى بىلەن كېـ
لىشسەن. سودا پۈتكەندىن كېيىن گۇۋاھـ
چىلارنىڭ كۆزىدىلا پۇلىنى سانىۋەتسەڭلا
ئۆي سېنىڭ بولدى، دېگەن سۆز.
رەۋەيدۇللا مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتـ
كۈزگەندىن كېيىن ئائىلىسىگە بېرىش نىـ
يىتىدىن كېچىپ، ئۆي سېتىۋېلىش ئىشىنى
مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئۇدۇل ناھىيىلىك
ئاشلىق ئىدارىسىدىكى ساۋاقدىشى رىشاتـ
نىڭكىگە يۈرۈپ كەتتى.
رىشات ئېگىز بوي، ئۆڭى قارا، ئورۇق،
مۇشۇ يېشىغىچە كېسەل بولۇپ باقمىغان،
يۈرۈش ـ تۇرۇشى چاققان كىشى ئىدى.
ئىش ـ ئەمگەكتىن، يول مېڭىشتىن زېرىكـ
مەيتتى، گەپ ـ سۆزى سىپىلىق ـ سىپايە
ئىدى. بۇ خىل خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنى كىـ
شىلىك مۇناسىۋەتتە ئەۋزەل شارائىتقا
ئىگە قىلغانىدى. جاھانسازلىق ھۈنىرىدە
ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە بولۇپ، خىزمەت
مۇھىتىدا قولىدىن ئىش كېلىدىغانلا ئادەم
بولسا مىللەت، دەرىجە ئايرىماي، سالاـ
ھىيىتىگە قارىماي دوست بولۇۋېرەتتى.
دوستلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، يىراقـ
لاردىن توخۇسىغا دان، ئۆزىگە ئۈزۈم،
شاپتۇل توشۇيتتى. قىش كۈنلىرى توقايـ
دىن ئوردەك، توشقان ئوۋلاپ كېلىپ، ئاشۇ
قولىدىن ئىش كېلىدىغان دوستلىرىغا
سوۋغا قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتاتتى.
ئۇ، خۇددى دەۋرنىڭ بارومېتىرىدەك سەزـ
گۈرلۈككە ئىگە بولۇپ، جەمئىيەتتە قايسى
كەسىپنىڭ شۆھرىتى چىقسا شۇ كەسىپتىـ
كىلەردىن دوست تاللايتتى. بارا ـ بارا
قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارنى ئۇنتۇپ
كېتەتتى. دوستلىرىنى ئاي ئاتلىماي ئۆـ
يىگە تەكلىپ قىلىپ، شاھانە داستىخان
تەييارلاپ مېھمان قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل
خۇشلۇقىمۇ، تۇرمۇشتىن ئالىدىغان لەزـ
زىتىمۇ شۇ ئىدى. ئايالىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىـ
شىغا كۆنۈك. ئاش ـ تاماق، زاكوسكا تەيـ
يارلاش، كېچىچە ئىچكۈلۈك بولۇپ پاسـ
كىنا بولۇپ كەتكەن ئۆيلەرنى تازىلاشمۇ
ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلمايتتى، ھەتتا ئېرىـ
نىڭ بۇ ئەزىز دوستلىرىغا دۇتار چېلىپ،
ناخشا ئوقۇپ بېرىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئاـ
شۇرۇپ ئورۇنلايتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇـ
لارنىڭ ھەممە ئىشلىرى يۈرۈشلۈك، ھالـ
ئوقىتى ياخشى ئىدى. ھاجەتلىرى تېزـ
تېزراۋا بولۇپ تۇراتتى. رىشات يەتمىشىنچى
يىللاردا شۇپۇرلارنىڭ بازىرى چىققاندا، ئۇـ
لار بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلىپ يۈز، پۇل تاپـ
قانىدى. سەكسىنىنچى يىللارنىڭ بېشىدىن
بۇيان، سودىگەر، سەيگويەنلەر، گۇەنلىيەنىـ
لەر بىلەن دوست ئۆتتى. جەمئىيەتتەشەخـ
سىي ئۆي سېلىش شامىلى چىققان مەزگىلـ
دىن بېرى، سېكرېتار، دادۇيجاڭلار بىـ
لەنمۇ دوستلۇق رىشتىنى چىڭىتىشكە باشلىدى.
رەۋەيدۇللا رىشاتنىڭ ئايۋانسارايـ

لىق، نەقىش كىمىرلار بىلەن زىننەتلەنگەن ھەشەمەتلىك ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇيانىدىكى مېھمانخانىدا بىر خەنزۇ قورۇلۇش سودىگىرى بىلەن قايسى بىر داۋدىيېنىڭ مۇشۇ ئەتىياز چىقىرىپ سېتىۋېتىدىغان ياغاچلىرىنى ئەرزانىراق قولغا كەلتۈرۈشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقانىكەن. ئۇلارنىڭ ماڭدامدا بىر تۇتۇشۇپ چېكىشكەن تاماكىسىنىڭ ئىسىدىن ئۆي ئىچى بىر نەرسىنى دەمال پەرق ئېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە تومانلىشىپ كەتكەنىدى. ساۋاقداشلار تىنچلىق سورىشىپ تۇرغان چاغدا قورۇلۇش سودىگىرى ئەمدى مېھمانغا پۇرسەت بېرىش كېرەك، دەپ ئويلىدىمۇ نېمە ئاستا ئورنىدىن تۇردى. رىشات بۇ دوستىغا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئارىلاش جۈملىلەر بىلەن بىرنېمىلەرنى دەپ ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. رىشات رەۋەيدۇللانىڭ كەلگەنلىكىنى ئاشخانىدا كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتقان ئايالىغا مەلۇم قىلغانىدىن كېيىن، پەتنۇستىكى پىيالىغا چاي قۇيۇپ بۇ كەمدىدار ساۋاقدىشى بىلەن مۇڭدىشىشقا ئولتۇردى.

— قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەندۇ سېنى مۇشۇ تاپتا، بېشىڭدىن ياغاچ ئۇشتۇۋەتمىسەم بولمايدۇ، سېنىڭمۇ مېنى يوقلاپ كېلىدىغان چاغلىرىڭمۇ بولىدىكەنھە؟ — دېدى رىشات ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى بىر مەھەللىدە بىللە ئويناپ ئۆتكۈزگەن، ئۆمۈر خاتىرىسىدە نامى ھەممىدىن كۆپ زىكرى قىلىنىدىغان بۇ دوستىنىڭ كەلگىنىگە خۇش بولۇپ.

— يوقلاپ تۇرغۇم بار، لېكىن مۇئەللىمچىلىك دېگەن خۇددى ماشىنىنىڭ زاپچىسىدەك بىر ئىشكەن. مەكتەپتىن، ئوقۇغۇچىدىن زادى نېرى بولالمايدىكەنسەن. بۈگۈنمۇ بىر ھاجەت بىلەن سېنى ئىزدەپ كەلدىم.

— قولۇم كۆكسۈمدە ئاداش، خىزمىتىڭگە تەييارمەن، نەدىكى ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەنلەرمۇ ھاجىتىمنى راۋا قىل دەپ كېلىدۇ، ياق دېمەيمەن، بايىقى خەنزۇمۇ بىر ياغاچ سودىسىنى كېلىشتۈرۈپ قوي، خىزمىتىڭدە بولىمەن، — دەپ كەپتۇ.

— مەنمۇ تاپان ھەققىڭنى بېرەرمەن، — دېدى رەۋەيدۇللا كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىستېھزالىق كۈلكىسى چاقچاق قىلغانلىقمۇ ياكى بۇ مىجەزى تۈز ساۋاقدىشىنى مازاق قىلىپ كۈلگىنىمۇ بىلىپ بولمايتتى.

— ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل، سەندىن تاپان ھەققى ئالغۇدەك ئەھۋالغا قالغىنىم يوق. يىغقان پۇلۇم ھاجىتىمدىن ئاشىدۇ، ساڭا ياردەم قىلغۇچىلىكىم بار، — دېدى رىشات رەۋەيدۇللانىڭ سۆزىدىن نارازى بولغان قىياپەتتە.

— سەن پەقەت بىر ئۆي سېتىۋېلىشىمغا ياردەملەشكىن، ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيىگە سىغىشماي قىينىلىپ كەتتۇق.

— ئۆي سېتىۋېلىپ نېمە قىلىسەن، بۇ شەھەردە تەييار ئۆيىڭنىڭ زەھەردىنمۇ بەك قىممەت توختايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

— بىلىمەن، لېكىن ئامال يوق، ئۆي سېلىش ئۈچۈن يەر تەلەپ قىلىپ چىقمىغان دۆك، كىرمىگەن تۆشۈك قالمىدى. مەھەللە باشلىقىدىن تارتىپ ھاكىمغىچە يېلىنىپ يۈرۈپ قۇرۇق داستىخان بىلەن قايتتىم. ئەمدى بۇنداق ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ يۈرگىچە خۇدانىڭ بەرگىنىگە بىرەر كونىراق ئۆي بولسىمۇ سېتىۋېلىپ ياشىمامدىم.

— بولمايدۇ، شۇنچە نامرات كىشىلەرمۇ ھازىر ئۆيلىرىنى يېڭىلاپ سېلىۋاتسا

سەن كونا ئۆيىنى نېمە قىلاتتىڭ، بۇنىڭغا ئامال بار. ئۆيلۈك يەر ھەل قىلىشقا ئوبدانلا بىر چارە بار.

— قانداق چارە؟

— سورىساڭ ئۇ بىر سەنئەت.

— قانداق سەنئەت ئۇ؟

— يىراقتىن تەدرىجىي مەركەزگە يېقىنلىشىش سەنئىتى.

— ھېچ چۈشەنمىدىمغۇ گېپىڭنى.

— يەرنى يىراقتىكى يېزىدىن ئېلىپ، تەدرىجىي شەھەر ئەتراپىغا يۆتكەپ كېلىسەن.

— توۋا، مەستمۇ سەن-يا. ماڭا بىرەر تاغار توپا ياكى بىرەر ماشىنا تاش لازىم ئەمەس، ئۆي سالىدىغان يەر كېرەك. يېزا دېگەندىن ئازراق يەر ئېلىشنىڭغۇ ئامامەن، ئەمما ئۇنى قانداق يۆتكەيمەن.

— قانداق يۆتكەيمەن دەمسەن؟ پىشاڭ بىلەن ئاستا - ئاستا سىلجىتىپ يۆتكەيسەن، سەن كىشىلەرنىڭ پىشاڭ بىلەن نەرسە - كېرەك يۆتكىگىنىنى كۆرگەنمۇ؟ ئەمما مېنىڭ دېگىنىم توگمەن تېشىنى قوپۇرىدىغان، ئېغىر ياغاچ - تاشلارنى ئورنىدىن قوزغايدىغان ياغاچ پىشاڭ ئەمەس، يەنىلا شۇ پۇل. پۇل بىلەن يەرنى يېزىدىن شەھەرگىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆلكىدىن ئۆلكىگە، دۆلەتتىن دۆلەتكە يۆتكىگىلى بولىدۇ. مەن مۇشۇ ئۆيىنىمۇ ئاشۇ پۇلدىن ئىبارەت پىشاڭدىن پايدىلىنىپ يۆتكەپ سالغان. تانايى بېشىدىكى سېتىۋەتكەن ئۆيىنىڭ ئورنىمۇ شۇ ئۇسۇلدا يۆتكىگەنمەن.

— سەن قىلالىغان ئىشنى مەن قاملاشتۇرالمايمەن، يەنە كېلىپ مەندە پىشاڭ قىلغۇدەك ئۇنچىۋالا كۆپ پۇلمۇ يوق.

— قورقما، يەر يۆتكەشكە ئۇنچىۋالا كۆپ پۇل كەتمەيدۇ. بۇنىڭدا ئۆز يېغىدا! ئۆز گۆشىنى قورۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز. سەن پەقەت ئەرزان يەر سېتىۋېلىشقا ۋە بىر نەچچە قېتىملىق زىياپەتكە خەراجەت چىقارساڭلا بولىدۇ، قالغىنىنى ئۆزۈم جۆندەپ بېرىمەن.

— سەن دېگەن بۇ يەر يۆتكەش سەنئىتىنى مەن تېخىچە چۈشىنەلمىدىم. پۇل كېتىدۇ دېگەندىمۇزادى ئۇنى قانداق يۆتكىگۈلۈك؟

قارا، ھازىر شەھەردە ئۆيگە شېكەر چۈشتى. قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەڭمۇ مۇۋاپىق ئۆي ئالالمايسەن. ياخشىسى مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ چەترەك بىر يېزىدىن ئۈچ-تۆت يۈزيۈەن خەجلەپ بىرەر مو يەر ئال، ئۇنى دادۇيمۇ دادۇي، يېزىمۇ يېزا ئالماشتۇرۇپ ئاخىرى شەھەرگە ئەكىلىمىز، يامىنى ئىككى-ئۈچ فۇڭ يەر قورايدۇ شۇ. خورىسا خورىمادۇ، ھەرقانداق نەرسە ھەركەتلەنسە خورايدىغۇ. بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى يەر دېگەن شەھەرگە يېقىنلاشقانسېرى قىممەت بولىدۇ.

— ئۇنداقتا يەرنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى قانداق بولىدۇ؟

— گېپىمگە قۇلاق سال ئاداش. بۇ ناھىيەنىڭ غەرب تەرىپىدىكى يېزىلار تامامەن تۇتاش كېلىدۇ. ئوتتۇرىسىدا ساي، جىلغا يوق. يەر-زېمىنلىرى دېگۈدەك بىر ياپ. شۇڭا مۇناسىۋىتىمىز بار بىر يېزىنىڭ چەترەك دادۇيىدىن بىرەر مو يەر ئېلىپ ئۇنى شەھەر تەرەپتىكى چېگرىداش دادۇينىڭ يېرىگە بىرەر فۇڭ كېمەيتە تېگىشىمىز، تېگىشىپ بەرگەن دادۇي يەردىن پايدا ئالغانغا خوش، سەن شەھەرگە يېقىنلىغانغا. يۆتكەش مانا مۇشۇ تەرىزدە دادۇيدىن دادۇيگە، يېزىدىن

يېزىغا سىلجىپ بارا-بارا شەھەرگە يېقىنلايدۇ. مۇشۇ جەرياندا سەنزېرىكمەسلىكنىڭ، يېرىم يولدا توختاپ قالماسلىقنىڭ كېرەك. ناۋادا بىرەرسى ئۇنىماي قالسا چاقىرىپ ئوبدانلا بىر مېھمان قىلىمىز ياكى خوتۇن بالا-چاقىسىغا يارىغۇدەك بىرەر سوۋغات تەييارلايمىز شۇ. ئىش قىلىپ شامال ئۆتمەيدىغان تام يوق، نىيەت قىلساڭ چارە دېگەن كۆپ.

— شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن بۇ سېكرېتار، دادۇيجاڭ دېگەن نېمىلەر بۈگۈنكى كۈندە ھېلىقىدەك قىسماققا دەسسەۋەرمەيدۇ جۇمۇ؟

— بۇنىڭغا چارە بار ئاداش. بايا ئۆز يېغىندا ئۆز گۆشىنى قورۇيمىز دېمىدىممۇ؟ ئاشۇ ھارامزادە سېكرېتارلارنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا چۇكۇلدايدىغان ۋاقىتلىرى كۆپ. ئۇلار ھەر يىلىغا دۆلەتكە توختام باھادا قىرىق - ئەللىك مىڭ جىڭ ئاشلىق ساتىدۇ. مەن دېگەن ئاشۇ سېتىق ئىشىنىڭ سۈپەت دەرىجىسىنى بېكىتىدىغان تېخنىك، ناۋادا ئۇلارنىڭ ئاشلىقىنىڭ سۈپىتىنى بىر دەرىجە تۆۋەن باھالاپ قويسام شۇھامان نەچچە مىڭ يۈەن زىيان تارتىدۇ. ئويلاپ باقە، ئۇلارمۇ زىيان تارتىشنى خالارمۇ؟ شۇڭا بىزنىڭ بىرەر مو يەر تەلەپ قىلىش، ئالماشتۇرۇپ بېرىش دېگەن گەپلىرىمىزگە ئۇلار غىڭ قىلالمايدۇ.

رەۋەيدۇللا ساۋاقدىشىنىڭ بۇ غەلىتە چارىسىغا دەماللىقچە ئېنىق بىر نېمە دېمىدى، لېكىن ئۇنىڭغا ئۆي كېرەك. ئائىيال ۋە باللىرىنىڭ تېخى يەر ئىشىنىڭ نەتىجىسىز بولغىنىدىن خەۋىرى يوق. ئۇلار بىر ئۆيگە باشپاناھلىق سالاھىيىتى بىلەن ئىگە بولۇپ تۇرغان بۇ ئادەمگە ھەممە ئۈمىدىنى باغلىغان، دېمىسىمۇ ئەلمىساقتىن بۇيان باللارغا دادا، خوتۇنغا ئەر بولغۇچى ئۆي سېلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن. «ئاچ نېمىنى يېمەيدۇ، دەردمەن نېمىنى دېمەيدۇ» دېگەن تەمسىل بار. رەۋەيدۇللا شۇتاپتا ئازادىرەك بىر ئۆيگە تولىمۇ مۇھتاج. ئۇ بىر مەھەل يەر ئۈچۈن مېڭىپ بېقىپ قانۇنلۇق يول بىلەن يەر ھەل قىلىپ سالغان ئۆيگە جايلىشىپ بولغىچە ئۆزىنىڭ ئۆمرى تۈگەپ، بېشى گۆرگە كىرىدىغانلىقىنى چۈشەندى. نەچچە كۈن بۇرۇن ھېلىقى شاڭجاڭنىڭ دېگەن ئېگىز- پەس گەپلىرىنى تېخىچە يۇتالىغىنى يوق. شۇڭا ئۇ، ئۆز ئەھۋالىنى ئانچە - مۇنچە دەڭسەپ كۆرۈپ رىشاتىنىڭ «بۇ ئىشتا يولنى ئۆزۈم ماڭىمەن، سېنى تەڭلىكتە قويمايمەن» دېگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن يەر يۆتكەشتىن ئىبارەت بۇ يېڭى چارىغا ماقۇللۇق بىلدۈردى.

ئۇلار كەچلىك تاماقنى بىر-ئىككى قەدەھتىن ئىچىشكەچ بىللە يېدى. ئىشنىڭ بېشىدا نېمە ئىشلارنى قىلىش كېرەكلىكىنى پۇختا مەسلىھەت قىلىشتى. ئاخىرىدا يۆتكەيدىغان يەرنى بەكمۇ يىراقلاپ كەتمەي شەھەرنىڭ غەربىي تەرەپ سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇمراباد يېزىسىدىن ئالىدىغانغا، شۇنداق بولغاندا يەرنى يۆتكەيدىغان ئارىلىق ئىككى يېزا، سەككىز دادۈي بولۇپ، ئاۋارىچىلىقمۇ ئانچە كۆپ بولمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشىپ سائەت ئون بىرلەردە ئورنىدىن تۇرۇشتى.

× ×

بىرىنچى قېتىملىق يۆتكەشكە يەر ھەل بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن تۇتۇش قىلىندى ھەم بۇ ئىشنى رىشاتنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يېزىدا ئەمەس شەھەردە،

ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسىدا پۈتتۈرۈش
پىلانلاندى . ھازىر يېزىلاردا مايسا پەر-
ۋىشى جىددىي كېتىۋاتقان پەيت بولغاچ-
قا ئادەتتىكى كۈنلەردە مەسئۇل كىشىلەر-
نى تاپماقمۇ تەس ئىدى. شۇڭا يەكشەنبە
كۈنى ئۇلارنى شەھەرگە ئويۇنغىلى كەلگەن
ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ مېھمانغا چاقىرىش،
ئاندىن ئېپىكەلگەن بىر پۇرسەتتە تەلەپ-
نى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇۋاپىق ، دەپ قا-
رالغانىدى . تىشالانغان يەكشەنبە كۈنى
سائەت ئونبىرلەردە يەر ئالماشتۇرىدىغان
ئىككى داۋىنىڭ سېكرېتارى بىلەن شۇ
يەرلەرنىڭ كونكرېتنى ئىگىسى
بولغان ئىككى ئەترەت باشلىقى رىشتىنىڭ
ئۆيىگە يىغىلدى. كەلگەنلەر دېگۈدەك گىروي،
سېمىز، يۈزلىرى ياغلاش، باھارنىڭ خېلى
بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىغا قارىماي تېخى
بېشىدىكى قارا كۆرپە تەلپىكنىنى، قىشلىق
پەلتو، چاپانلىرىنى سېلىۋەتمىگەن كىشىلەر
ئىدى. مېھمانلار رىشاتنىڭ قايسى كۈنى رە-
ۋەيدۇللا كىرگەن ياسىداق مېھمانخانىسىدا
بەھوزۇر ھالدا داستىخانغا داخىل بول-
دى، داستىخاندا نېمەتلەر مول ئىدى. ھەم-
مە ئىشنى رىشات مول تەجرىبىگە ئاساسەن
ئورۇنلاشتۇرغانىدى. رەۋەيدۇللا ئازغىنا
پۇل چىقارغان بولدى.

ھەر قايسى تېرىلغۇ ئالدىراشچىلىقىدا
چارچاپ كېتىشكەنلەر يەكشەنبە بولغاندى-
كىن ئۆيۈمدە ھاردۇقنى چىقىرىپ كەتسۇن
دېگەن نىيەتتە چاقىرغان... دېگىنىچە مېھمان-
لارغا بىرىنچى قەدەھنى تۇتتى. تەبىئىتىدە
دېھقانلىق خاراكتېرى يەنىلا ئۈستۈن تۇر-
دىغان بۇ ساددا كىشىلەر ئېسىل مەي بىلەن
ئالىي تائاملار ۋە ساھىبخانىنىڭ كۆڭۈل
كۆتۈرەرچىرايلىق گەپلىرىدىن بىردەمدىلا
ئېرىپ، ئۆي ئىگىسى ھەم رەۋەيدۇللا بىلەن

كونا قەدىناسلاردەك بولۇپ كەتتى. شۇ
تاپتا ئۇلار يۇمشاق ساپالارغا ئېغىناپ، كىر
قول ياغلىقلىرى بىلەن چېكىلىرىدىكى تەر-
لىرىنى ئېيتقاچ ئۆز ئارا پاراڭغا چۈشۈپ
كېتىشكەنىدى. رىشات كۈچلۈك مەي ئۆز
كۈچىنى كۆرسىتىپ، ئارىدىكى قورۇنۇش،
تارتىنىش تۈگىگەن مۇشۇ مەزگىلنى قول-
دىن بەرمەسلىككە تىرىشتى. ئۇبىر نەچچە
رۇمكا مەي تىزىلغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ
تۇرۇپ مېھمانلارغا ئۇدۇللا دېدى:

— ئۆيۈمگە پەتمگە كەلگەندە ھەر قايسى-
لىرىغا تەلەپ قويمىسام بولاتتى. ئەمما بۇ
ساۋاقدىشىمغا بەرگەن ۋەدەمگە ۋاپاقىلىش
يۈزىسىدىن دېمەي ئىلاجىم يوق، — رىشات
قولىدا ھاراق تولدۇرۇلغان بىر رۇمكىنى
تۇتقان ھالدا رەۋەيدۇللاغا قارىۋېتىپ سۆزى-
نى داۋاملاشتۇردى، — ئۆتكەن ھەپتە غوجام-
نىياز سېكرېتار بۇ ساۋاقدىشىمغا
چاقار داۋىدىن ئازراق ئۆيلۈك يەر
بەرگەن، — رىشات سۆزلەۋېتىپ نەزەرىنى
ئۇدۇلىدىكى ساپانىڭ ئوتتۇرىسىدا سىيدام
بېشىدىكى تەرلەرنى توختىماي ئېرتىپ
ئولتۇرغان كىشىگە قاراتتى، — ئەمدى
بۇ ئاداش ئۆينى تۇغقانلىرىم
قېشىغىراق سالسام دەپ بۇ يەرنى دۆڭ-
باغ داۋىسىگە يۆتكىگۈسى كېلىپ قاپتۇ. ئە-
گەر ھەرقايسىلىرىغا ئالماشتۇرۇپ بېرىش
دېسەك تەڭلىك بولماس-ھە؟ — ئېرىنىڭ بۇ
سوئالىغا مېھمانلار جاۋاب بېرىپ بولغىچە
شىرەگە يېڭىلا قورۇپ چىققان سەينى تىزىۋات-
قان ئۆي ئىگىسى ئايال جاۋاب بەردى:

— تەڭلىك بولارمىكىن دېگىنىڭلا نېمى-
سى؟ بۇ يەردە ئولتۇرغانلار نەچچە
مىڭ پۇقرانى باشقۇرۇپ، نەچچە مىڭ
مو يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بەگلەر

تۇرسا، ئالقانچىلىك يەرنى ئېتىزنىڭ ئۇ بېشىغا قوشۇپ، بۇ بېشىدىن ئېلىۋەتكەنگە تەگىلىك تارتامتى ياكى يەر كېمەيىپ كەتمىسە....،

— راست دەيدۇ، جىك گەپنى قىلدى، دېيىشتى ئولتۇرغانلار ئايالنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ. دېمىسىمۇ سېكرېتارلارنىڭ غۇرۇرىنى ئۇرغۇتىدىغان بۇ سۆزلەر ئۇلارنىڭ رىشاتنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ بىر نېمە دېيىشىگە ئىمكان قالدۇرمىغانىدى، ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق، سېكرېتار دېگەن تولىمۇ جاپالىق ئىشلەيدۇ. دېھقانلارنى يەر تېرىشقا، بوز يەر ئېچىشقا، ئۆستەڭ چېپىشقا — ئىگىلىك يارىتىشتىكى جىمى ئىشقا تەشكىللەيدۇ، يېتەكلەيدۇ. ئۇنداق ئىكەن نېمىشقا ئۇنىڭ بىرەر مو يەرنى ئۇ ئەترەتتىن بۇ ئەترەتكە، بۇ دادۇيدىن ئۇ دادۇيگە يۆتكەش ھوقۇقى بولمىسۇن؟

سېكرېتارلار يەرنى چاقار دادۇيىدىن دۆڭباغقا يۆتكەشكە بىردەك رازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، رىشات قولىدىكى رومكىلارنى مېھمانلارغا بىر - بىرلەپ تۇتۇپ دېدى:

— ئولتۇرغان رەھبەرلەرنىڭ ئىلتىماسىمىزنى قوبۇل ئەتكىنىگە رەھمەت. بۇ قېتىم رومكىلارنى غوجامنىياز سېكرېتار بىلەن تالىپ سېكرېتارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن سوقىمىز... رومكىلار بىر - بىرىگە تەگلا سوقۇلۇش بىلەن «خوشە» ئاۋازلىرى ئۆي ئىچىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك دەرىجىدە ياڭرىدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىچكۈلۈك تاكى نامازدىگەرگىچە داۋاملاشتى. كەيپىيات ياخشى، داستىخان مول، كۆزلىگەن ئۇنۇم كۆرۈلگەن بۇنداق ئولتۇرۇش ئەلۋەتتە ئۇزۇن داۋاملىشىشى كېرەك. بۇ ھالدا مېھمان چاقىرغۇچىمۇ سەرپ قىلغان خەرج - خىراجىتىگە چىن كۆڭلىدىن رازى بولىدۇ.

ئىككىنچى قېتىملىق يۆتكەش تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ ئاسانغا چۈشتى. چۈنكى دۆڭباغ دادۇيىنىڭ شەھەر تەرىپىدىكى قارلۇق دادۇيىدە يىللاردىن بېرى قايسىبىر سەۋەب بىلەن قېپقالغان ئون نەچچە مو قەرز يېرى بار ئىدى. قارلۇق دادۇيى بۇ يەرنى مانا بۈگۈن، مانا ئەتە بېرىمىز دەپ كەينىگە سۈرەپ كەلگەنىدى. ئەگەر بۇ دادۇي رەۋەيدۇللاغا شۇ قەرز ھېسابىغا بىر مو يەر بەرسە، دۆڭباغ دادۇيىنىڭ نىسى يېرى نەخكە ئايلىنىدۇ. قارلۇق دادۇيىمۇ مەلۇم نىسبەتتە قەرزنى تۆلىگەچ تۇرغان بولىدۇ. شۇڭا تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەنلا ھەر ئىككى دادۇي رەھبەرلىرىگە خوپ كەلدى. چوڭراق زىياپەت بېرىشمۇ ھاجەت بولمىدى. رىشات بىلەن رەۋەيدۇللا شۇ كۈنى ئۇلار بىلەن يەر يۆتكەشنىڭ سۈرۈك ۋاقتىنى دېيىشىۋېلىپ ئۆيلىرىگە خۇشال قايتىشتى.

كېيىنكى يەر يۆتكەشلەرمۇ گاھى ئاسان، گاھى تەس ھالدا ئۈچ ئاي داۋاملاشتى. شۇ جەرياندا ئىككى يېزا، توققۇز دادۇي، ئون نەچچە ئەترەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كەلدى، زىياپەتلەر بېرىلدى، ئانچە - مۇنچە سوۋغاتلار تەييارلاندى. بەزىسى ئالدى، بەزىسى رەت قىلدى. رىشاتنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە دۆلەتكە سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىقنىڭ دەرىجىسىنى باھالاشتا ئېتىبار قىلىش ھەققىدىكى بەرگەن ۋەدىلىرى ۋە باشقا چارە-تەدبىرلىرىمۇ كۆپ كارغا كەلدى. ئەڭ ئاخىرقى يۆتكەش گەرچە خېلى كۆپ كېچىككەن بولسىمۇ لېكىن كۈتمىگەندە رەۋەيدۇللانىڭ

(ئاخىرى 54 - بەتتە)

# ھەسرەت كۆيى

(ھېكايە)

تۇرسۇنجان مۇھەممەت

• بىپايان كەتكەن يېشىل ۋادىنى ئىككى-
گە بۆلۈپ سوزۇلغان كاداك يول شۇنچى-
لىك تىپتىنىچ ئىدىكى، تىزەكلەر ئارى-
سىدا يورغىلاپ يۈرگەن بوز تورغايلار گو-
يايەريۈتكەندەك كۆزدىن غايىب بولغان، يول
بويىدىكى ئېتىزلاردا شاخچىلاپ ئۆسۈۋاتـ-
قان يۇمران قوناق مايسىلىرى، جىمجىت-
لىقتا، بوران - چاپقۇننىڭ شاۋقۇن-سۈ-
رەنلىرىگە، يامغۇر - يېشىننىڭ ھۆلچىلىك-
لىرىگە ئادەتلىنىپ كەتكەن ئاق تېرەك-
نىڭ يوپۇرماقلىرى ئەتىگەنكى شەبنەمدە
يۇيۇلۇپ، ھېلىلا ئانا دەريا يۈرۈكقاشتىن
سۇزۇۋېلىنغان يېشىل رەڭلىك قاشتېشىدەك
جۇلالاپ تۇراتتى. يول ياقىسىدىكى ئورمان-
لار ئارىسىدا پورەك ئاچقان ماماكاپ گۈل-
لىرى قۇياشنىڭ تېرەك شاخلىرى ئارىسى-
دىن شۇڭغۇپ چۈشكەن نۇر تالالىرى ئا-
رىسىدا قايتىدىن رەڭ تۈزۈپ، يىگىتلەر-
نىڭ ئوتلۇق بېقىشى بىلەن تاقىتىنى يو-
قاتقان رەسىدە قىزنىڭ مەڭزىدەك قېنىق
رەڭ ئالغانىدى.

ئاشۇ جىمجىتلىقتا ياتقان يولدا تۇيۇق-
سىز ئىككى ئېشەك ھارۋىسى پەيدا بولدى.
ھارۋىلاردا لىققىدە تاغار بېسىلغان بولۇپ،
ئالدىدىكى ھارۋا گويا يول باشلىغۇچىسى-
دەك، ئاشۇ يولدىن ھارۋا ئىزى ئىلىغاپ
كېلىۋاتاتتى. كەيىنىدىكى
ھارۋىغا قوشۇلغان ئېشەك ئالدىدىكى ھار-
ۋىغا چېتىپ قويۇلغانىدى. تاغارلار ئۈس-
تىدە يانپاشلاپ ياتقان شاپ بۇرۇت كىشى

شاپاق دوپپىسى بىلەن چېكىسىدىن دەممۇ
دەم قۇيۇلۇۋاتقان ئاچچىق تەرلىرىنى سۈرت-
كىنىچە غىڭشىپ يېتىپ «ئاللا - ئاللا ۋاي
باللا» غا توۋلاپ قوياتتى. چوڭقۇر ئول-
تۇرۇشقان بىر جۈپ كۆزى — ئۆڭكۈرنىڭ
تېگىدە چاقنىغان ئۇچقۇندەك ئاجىز، ئەم-
ما قەتئىيەت چىقىپ تۇرغان ئاشۇ بىرجۈپ
كۆزى — دەممۇ دەم ئۆزىنى يېنىدىك تەۋرى-
تىۋاتقان شېغىل توپىلىق يولغا تىكىلەت-
تى. قەلبىدە بولسا بۇگۈنكى قىمارھەققى-
دە چوت سوقاتتى. «بۇگۈن كەچتەجەزمەن
ئۇتىمەن» دېگەننى خىيال قىلىسىلا ھايا-
جاندىن يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتەت-
تى. تۇرۇپلا ئانا پېشىنى تۇتۇپ كېلىۋات-
قان بوۋاقتەك كەينىدىكى ئەگىشىپ كېلى-
ۋاتقان ھارۋىدىكى ئىككى قولىنى ئېڭىكى
ئاستىغا قويۇپ چوڭقۇر خىياللارغا پاتقان
ئايالىغا كۆز تىكەتتى.

شۇنداق، كەينىدىكى ھارۋىدا ئۆتمۈشى-
نى ۋە كەلگۈسىنى خىيال قىلىپ كېلىۋات-
قىنى ئۇنىڭ ئايالى ئىدى. ساداقەت، ۋا-
پا، كۆيۈنۈش ۋە مېھرىبانلىقتا تولغان
قەلبى بىلەن ئۇنىڭ چىرىغىنى يېقىپ،
ئائىلىسىنى ئىللىتىپ كېلىۋاتقىنىغا ئون
نەچچە يىل بولغان بۇ ئايال كىشىلىك
تۇرمۇشتىكى جاپا - مۇشەققەتلەر تۈپەيلى
بىر ئاز جۈدىگەن بولسىمۇ ئائىلىدىكى ئى-
ناقلىق ۋە ئەر - خوتۇنچىلىقتىكى مېھرى-
بانلىقتىن كۆڭلى كۆكلەپ، ئەسلىدىكى
گۈزەللىكىنى يوقاتمىغانىدى. ئۇ كۆلىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



غان بولسا نى - نى كۆزلەرنى ئالا چەك-
مەن قىلىشىپتىدىغان يىر جۇپ زىننىقى ئۇ-
نىڭ ئىككى مەڭزىدە ھېلىمۇ-ھەم راۋۇرۇس
ئولتۇراتتى. تېقىمىغا چۈشىدىغان قارا
سۇمبۇل چاچلىرى سەل چۇۋۇلغان بولسى-
مۇ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ،
ساغرىسى ئۈستىدە ئۇيناپ تۇراتتى. شۇڭا
ئۇ بەزىدە ئايالىدىن ئەنسىرەپمۇ قالاتتى.

ئۇنىڭ ئايالى راستلا بىر ئازجۇدىدى.
ئايالىنىڭ ماغدۇرىنى، ئەت - تېنىنى،
گۈزەللىكىنى بىر - بىرلەپ تۇغۇلغان بو-
ۋاقلار نۆۋەتتە بىلەن شوراپ بولغانىدى.
ئەنە، يىرتىلىپ كەتكەن كۆڭلىكىدىن ساڭ-
گىلاپ چىقىپ قالغان كۆكسى ئاستىدىكى
تاغارغا چاپلىشىپ قالغانىدى. قانداق
ھوزۇرلۇق، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان
كۆكرەكلەر ئىدى - ھە! بىراق، ئۇ ئايا-
لىنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا بە-
زىدە ئۇ ئايالىغا يۈز كېلەلمەيدىغانىدەك
ھېس قىلاتتى. بىراق، كۆڭگەن خوي جان
بىلەن چىقىدۇ ئەمەسمۇ. ئايالىمۇ ئۆزىگە
باشپاناھ بولۇۋاتقان ئېرىگە توي كۈنىدى-
كىدەكلا ھېتىرقاش ۋە پەخىرلىنىش ئىلى-
كىدە قارايتتى. ئائىلە، ئەر، بالا دېگەن-
لەردە ئۇ ئۆزىنى دۇنيادىكى ھەر قانداق
بىر ئايالدىن بەختلىك ھېسابلايتتى. پە-
قەت، ئۇنىڭ نەزەرىدە خۇداغىلا تەئەل-
لۇق بولغان بۇ ئالەم ئۇنىڭ ئۈچۈن بەخت
يارىتىپ بېرىشكە يارالغانىدەك، ئۇ ھەر
قېتىم ئېرى بىلەن بەسلىشىپ كەتمەن
چاپقانلىرىدا، زىرائەت تېرىغانلىرىدا،
باللىرىغا ئاش پىشۇرغان، ساغلىقلىرىغا
ئوت - چۆپ ئورغانلىرىدا، جىمى خىس-
لەتلىرى بىلەن ھاياتقا جان ئاتا قىلى-
ۋاتقان بۇ مېھرىلىك زېمىننى ئېرى بى-
لەن قوشۇپ باغرىغا باسقۇسى كېلەتتى.

ھەر بىر سىلكىنىشتىن زارلىغانىدەك ھار-
ۋا غىچىرلاپ قوياتتى. ئېشەكلەر ماڭدام-
دا بىر تېزەك پۇراپ توختىۋېلىپ، يېگەن
قامچىسى ئۈگە - ئۈگىلىرىنى سىيقىراتقان-
دىلا يورغىلاپ مېڭىپ كېتىشەتتى.

— ھەي خوتۇن، - دېدى ئەرغىنگىشىش-
تىن توختاپ، - سەن ئىشىنەمسەن؟

— نېمىگە؟ - سورىتىنى ئاستىلىتى-
ۋالغان ئېشەكنىڭ ساغرىسىغا قولىدىكى
بىر غىرىچ كەلگۈدەك يۇلغۇن ياغىچىنى
سانجىۋاتقان ئايال ھەيرانلىق بىلەن ئې-
رىدىن سورىدى.

— بۇ قېتىم ساتقان يۇغداي پۇلىدىن
ساڭا چوقۇم بىر كۆڭلەكلىك ئېلىپ بېرى-
مەن. قېنى ئېيتقىنا، نېمەكىمگىڭ بار؟—
تاۋارمۇ يا دۇردۇنمۇ؟

— بولدى قويسىلا دادىسى،مېنىڭ ھېچ
يېرىم ئۇچۇق قالغىنى يوق. كوممۇنا ۋاق-
تىدىمۇ بىر ئىشتاننى نۆۋەت بىلەن كىي-
گەن ئەر - خوتۇنغۇ بىز.

— نېمە؟ كىيىدىكىنىمۇ ئۇچۇق قوي-
غۇڭ بارمىدى ھىندى خوتۇنلىرىدەك؟

ئۇ سۆزىدىن جىمىپ قالدى. ئېشەكلەر
بىر خىلدا كېتىۋاتاتتى. يول بويىدىكى
قارا سۆگەتلەرگە قونۇۋالغان بىر توپ
قارا قۇشقاچ گويا توي قىلىۋاتقانىدەك
ۋىچىرلىشىپ بەزمە تۈزۈشكەنىدى. ئۇ ئا-
شۇ قۇشقاچلارنى ئۈركۈتۈپ باقماقچى بول-
غانىدەك «ئۆھۆ» قىلىپ قاتتىق ئاۋازدا
يۆتەلدى. قۇشقاچلار پۇر قىلىپلا ھاۋاغا
كۆتۈرۈلدى - دە، ئەنسىز چۇرۇقلىشىپ
غەلۋىرەك شەكلىدە ئۇچۇشقا باشلىدى.
ئۇ شەھەر ئالغان قەھرىمانىدەك مەمنۇنلۇق
بىلەن ئايالىغا قاراپ قويدى.

— ئەر كىشى دېگەن سىر تىنىڭ ئادىمى،-
دېدى ئايال ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ،

يۇرت دېگەننىڭ تاشقىرى ئەمگەكچى كۆپ بولىدىكەن، قىش - ياز سىرتتىن كىلەلمەيدىلا. بولدى، مېنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە بىر قۇر كىيىم ئالايلى.

ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. پەقەت بۇ جىمجىتلىققا چىداشلىق بېرەلمىگەندەك ئالدىدىكى ھارۋىغا قوشۇلغان سۇر ھاڭگا قىسقىلا ھاڭرىدى. يول يەنىلا تىپتىنچ ئىدى.

— ئۆتكەن يىلى ساتقان بۇغداي، قوناق، پاختا پۇلىمىزغۇ بىزگە ئاش بەرمىدى، - ئايال چوڭقۇر ئۇھسىنىپ قويۇپ سۆزباشلىدى، - بىر يىل تەر تۆكۈپ تەييار ئاش قولغا كەلگەندە ئېغىز تەگكۈزەلمىدۇق. بالىلارنىڭ رىسقىغا قول سوزغان ئوغرىنىڭ قارنى تېشىلەر ئىلاھىم. بىكار چاغدا ئوتتۇن سېتىپ پۇلغا ئىشلىگەنمۇ بولدىلا. بىراق يەرگە ئۈچۈملاپ سالمىساق پاتمانلاپ بەرمەيدىكەن. سۇلياۋ يوپۇق، ئوغۇت، پەرۋىش جەرىمانىسى دېگەندەكلەر بىزنى ھىچ نەرسىگە ئۇلاشتۇرماي، شۇ كەمگىچە يىلنىڭ يۇرۇيلا. بۇ قېتىم سىلىگە بىر جۈۋا ئالايلى.

— بولدى سۆزلىمە خوتۇن. ئېڭىكىدە تۆكى بار ھەر قانداق ئەرنىڭ بۇنداق ئىشلاردىن ۋايىسغىنى بارمۇ؟ سەنمۇ بالىسى ئۈچۈن ئۆۋىسىغا دان ئېلىپ ماڭغان قارلىغاچتەك ئائىلىمىز ئۈچۈن تىپىرلاپ كەلدىڭ. ئەجرىڭگە لايىق تۈزۈككىنە بىر نىمە قىلىپ بېرەلمىدىم. راست گېپىڭنى بىر قىلە، كۆڭلەكلىككە نىمە ئالىمىز.

— دادىسى، - دېدى ئايال كۆزىگە مۆللىدە كەلگەن ياشنى زورۇقۇش بىلەن ئەچىگە سىڭدۈرۈپ، چىرايىغا كۈلكە بېرىشكە ئۇرۇنغان ھالدا، - سىلىنىڭ شۇ گەپلىرىدىن نەچچە كۆڭلەك كىيگەندەك بولدۇم. بولدى، مېنى قويۇپ تۇرۇپ ئاۋۋال بالىلارغا بىر نەرسە ئالايلى.

— بالىلارغىمۇ ئالىمىز. ئەمما خوتۇن، بۇ قېتىم ساڭا بىر كۆڭلەك ئالىمەن. لازا خالتىسىدەك پۈرمىلىشىپ قالغان، ئوتتۇز يەردىن توققۇز كۆزلۈك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان مۇشۇ كۆڭلەكنى كۆزۈم كۆرمەسۇن.

ئايال، ئېشەكلەر شىرىقلىشىپ دەسسەپ كېتىۋاتقان شېغىل يولغا تىكىلگىنىچە لامجىم دېمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا قېتىپ قالغان ئېغىر مۇشەققەتنىڭ ئىزىنى ئەمدى نىمە ئۈچۈندۇر بىر پەخىرلىك ھېسسىيات ئىگىلەشكە باشلىغانىدى. ئۇ يولغا تىكىلىپ خىيال سۈرگىنىچە خۇددى ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا سۆزلىدى:

— شۈكرى دادىسى، ھەر نەرسە بولسا بالىلارنىڭ قورسىقى ئاشقا تويدى.

— ھىم... ئۇ بىر نىمە دېمەكچى بولدى - يۇ، يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتەي دېگەن ئېشەكنىڭ بېشىنى يولغا تارتتى، - ھۇ تاپىسىنى ئىت يىمەيدىغان ئەبگا، ھارۋىنى ئۆرۈۋېتەي دەپسەنە.

ئېشەك ئارقا - ئارقىدىن يىگەن قامچىسىغا چىدىماي ساغرىسىنى تولغىغىنىچە يولغا چۈشتى. ئەتراپ يەنىلا جىمجىت ئىدى. يول بويىدىكى ماكىپلار ئەمدىلىكتە قۇياش نۇرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك سەل - پەل سولاشقانىدى.

— ھەر نىمە بولسا بۇ يىل بۇغدىيىمىز ئوخشاپ بەردى، - ئايال يەنە جىمجىتلىقنى بۇزدى، - خامانىمۇ ۋاقتىدا ئېلىۋالدۇق. ئەمما ئىچىم ئېچىشىدىغىنى ئاشۇ يىلە. «يېرىم قۇتا باقىلى» دېسەم ئەترەت باشلىقى «بىر قوتا باقىسەن» دەپ تۇرۇۋالدى. يىگىرمە كۈن جاپا تارتىپ

ئېرىشكىنىمىز بىر قولتۇق ئۇجمە شېخى.
— شۈكرى قىل خوتۇن،— دېدى ئۇ ئا-
يالىغا تەسەللىي بەرمەكچى بولغاندەك،—
بىزغۇ ھەر نەرسە بولسا ئۇرۇق ئالغان
پۇلىمىزنى تىرىلدۈرۈۋالدۇق، قولۇم-قوش-
نىلارنىڭ دەردىنى بىر دېمە. روزەك تاز-
نىڭ ئىشىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟
— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟
— نېمە بولاتتى، ئەترەتتىن ئۇنىڭ-
غىمۇ بىر قۇتا پىلە ئۇرۇقى بېرگەنىكەن.
ئۇجمىسىنىڭ تايىنى بولمىغاچ، بار يو-
پۇرمىقى ئىككى ھەپتە ئاران يېتىپتۇ. پىلە
قۇرتى راسا ئوتقا تۇرغاندا ئۇجمىلىرى يا-
لىڭاچلىنىپ قاپتۇ. بېشى قاتقان روزەك
تاز بىر-ئىككى كۈن يوپۇرماق تاپالماي
قۇرتلىرىنى ئاچ قويۇپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم
قۇرتخانىسىغا كىرسە ئېچىرقاپ كەتكەن
قۇرتلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى
بىلەن ئۇنىڭغا قارايدىكەن. ئاخىرى ئۇ
قۇرتلىرىنىڭ ھالىغا چىدىماي نېمە تاپا-
لىسا شۇنى بېرىپتۇ. ئاخىرى نېمە بوپتۇ
دېمەمسەن. قورتلار يېپەك تارتىش ئۇياقتا
تۇرسۇن، بارغانسېرى چوڭىيىپ، چوڭلىرى
كەتمەننىڭ سېپىدەك، كىچىكلىرىمۇ چو-
كىدەك بولۇپ كېتىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن
روزەك تاز ئۆينى تاشلاپ بىر كېچە ئەت-
رەتنىڭ ماخۇسىدا قونۇپتۇ.
— چۆچەك ئېيتىۋاتامدىغانلا دادىسى؟
— ئالتە بالىنىڭ دادىسى بولغاندىمۇ
ساڭا ئالا-جوقا سۆزلىگىلى سارائمۇ مەن؟
ئۇ ئايالىنىڭ ئۆز سۆزىگە ئىشەنمىگەنـ
لىكىگە ئاچچىقى كەلگەندەك دومسىيىپ
ئولتۇرۇۋالدى.
— ۋاي ئەتىيازنىڭ سەھىرىدىكى مۇز-
دەك نازۇك غوجام، مۇنداقلا سورىغىنىمغا
شۇنچە كايىپ سىلىگە نېمە كەپتۇ؟ يا رو-
زەك تاز سىلىنىڭ تاغىلىرىمىدى؟
ئايال شۇنداق دېگىنىچە قاقاقلاپ كۈ-
لۈپ كەتتى. ئايالىنىڭ قوپال چاقچاقلىـ
رىغا كۆنۈكۈپ كەتكەن ئەرمۇ قېتىلىپ كۈلـ
دى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «يورۇقتاش» ما-
زار ئەتراپىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەز-
گەندىلا كۈلكىدىن توختاپ قىسقا دۇئا قى-
لىشتى- دە، ئاندىن ئۈزۈلۈپ قالغان پارـ
ڭىنى باشلىدى.
— بۇ كەمدىكى باشلىقلارنىڭ كاللىسى
يوقمىكىن دەيمەن دادىسى. بىز دېھقانلار-
نى ئاشلىق تېرىشقىلا قويۇۋەتمەي «پىلە
باقىسەن» دېگىنى نېمىسى؟ كۆلاۋچى ھال-
ۋىچى بولسا كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ، دې-
گەندەك ئىشلار بولۇۋاتىدىغۇ تاڭ.
— ياق خوتۇن، ئىش بۇنداق ئەمەس،
سۇ بېشىدا سۆزۈك، ئايىغى لايلىغان گەپ.
ھۆكۈمەتنىڭ بىزنى پىلە بېقىشقا بۇيرۇ-
غىنى تېز رەك باي بولسۇن دېگىنى، ئىش
تۆۋەندە بۇزۇلۇۋاتىدۇ. ئاڭلىشىمچە يې-
زىدىن پىلە بېقىش ۋە ئۇجمە ئۆستۈرۈش
بويىچە قىزىل بايراق مۇسابىقىسى يولغا
قويۇغانىمىش. ئەترەت باشلىقىمىز قاسىم
ساقالنى ئوبدان بىلىسەنغۇ. ئېشەك ھاڭ-
رىغاندا تۆرىلىپ قالغان بۇ ئىتنىڭ با-
لىسى شان- شەرەپ قوغلىشىپ، بىر توپ
كۆچەت سالسا «يۈز توپ سالدۇق» دەپ
دوكلات قىلىغانىمىش. ئاڭلىسام ئىلغاربوپ-
تۇ. بىر چايدان بىلەن لەۋھە ئالغانىمىش.
بىراق، تامدىكى لەۋھە بىلەن پىلە باق-
قىلى بولاتتىمۇ؟ يۇقىرىدىن دوكلاتتىكى
ئۇجمە سانىغا قاراپ ۋەزىپە چۈشۈرگەن،
بىزنىڭ ئۇجمىلەر دەپتەردە بار، ئېتىزدا
بولمىغاچقا تەس كۈنگە قېلىۋاتىمىز خو-
تۇن. ئۇلار پاراڭ بىلەن يولنىڭ ئاخىر-
قى ئايلانمىسىدىن ئۆتكەندە يېزىلىق

ئاشلىق پونكىتىنىڭ ئامبار مۇنارلىرى دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆزگە چېلىقتى.

× ×

بۇغداينى شامال ساندۇقىدا قايتىدىن سورۇش، دەرىجىسىنى ئايرىتىش، چىڭلىتىپ تالون يازدۇرۇش دېگەندەك رەسمىيەتلەر بىلەن ئۇلار خېلىلا كەچ قالدى. ھەر كۈنكىدەك توپلىشىۋالغان كىشىلەر ئارىسىدىن بىر تۇتام پۇلنى سىقىمدىغىنىچە سۇغۇرۇلۇپ چىققان ئوراكۆزنىڭ چىرايىدا كۈلكە پارلايتتى. بىر يىللىق ئەجرىنىڭ مېۋىسى قولغا تەگكەندە سۆيۈنمەيدىغان كىم بار؟ ماگلاي تەرىدىن كەلگەن مېغىزنى يېيىش ئالدىدا ھاياجانلانمايدىغان قانداق يۈرەك ئۇ؟ ئۇ نېمىشقىمۇ شادلانمىسۇن؟ ياق، كۈلۈش كېرەك، ئاڭلىتىپ تۇرۇپ، مۇمكىن بولسا ھالال مېھنىتىن كەلگەن پۇلنى باشتىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈش كېرەك. ئۇ راستلا كۈلۈۋاتىدۇ، ئەمدى كېلىپ ئايالى، ئوماق باللىرىمۇ شۇنداق قىن-قىنىغا پاتماي كۈلەلەرمۇ ھە؟!...

— ئال خوتۇن، پۇل سەندە تۇرسۇن.

— ياق دادىسى، يەنىلا سىلىدە تۇرغىنى ياخشى.

— تولا ئەزمىلىك قىلمىساڭچۇ، ئۆتكەن يىل پۇلنى يوقىتىپ قويغىنىم ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمۇ؟

— ياق، بىر يىل تارتقان جاپايىمىزنىڭ راھىتى ھايت - ھۇيت دېگۈچە خەقنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كەتكەنلىكىگە ھېلىغىچە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

— ئەمىسە تولا نازلانماي پۇلنى يانچۇقىڭغا سېلىپ قوي. سېنىڭ يانچۇقىڭدا تۇرغىنى مېنىڭ يۈرىكىمدە تۇرغان بىلەن تەڭ.

ھارۋىلار كەلگەن يولى بىلەن قايتىشتى. ئۇ كەينىدىكى ئىشەكنى ئۆز ھارۋىسىغا چېتىۋېلىپ ئايالىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزغانىدى. يولبويى شېرىن سۆھبەت قىزىپ كەتتى. بۇغداينىڭ پۇلى ساقمۇ ساق بەش يۈز قىرىق يۈەن ئىدى. بۇ پۇل ئۇلارنى تولىمۇ سۆزمەن قىلىۋەتكەن، ئائىلىدىكى كەم - كوتىلار، بالىلارغا ئېلىنىدىغان كىيىم-كېچەك ھەققىدە مەسلىھەت بولۇپ ئاخىرىغا كەلگەندە ئايالىنى ئۇيقۇ چىلىدى، ئۇ چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇرغان ئوراكۆزنىڭ بىلىكىگە بېشىنى قويغىنىچە شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. ئاللىقانداق بىر ئىستەكنىڭ غايەۋى كۈچى ئەللەيلىتىپ كېلىۋاتقان ئوراكۆزمۇ كۆزىنى يۇمدى. شۇتاپ بىر جۈپ ئېشەك ئۇلارنى ھارۋا بىلەن قوشۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتسىمۇ سەزمەيتتى...

× ×

— ھوي دادىسى، پۇل يوق تۇرىدۇ.

— قايسى پۇل؟

— بۇغداي ساتقان پۇلچۇ.

— سەندە بار ئىدىغۇ...

— ئاھ...— ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە يېڭى بىر بەختسىزلىك يۈز بەردى، ئايالىنىڭ يانچۇقىدا پۇل يوق ئىدى. ئۇ ھەممە يانچۇقلىرىنى تەتۈر ئۆرۈۋەتكەن بولسىمۇ بايىلا ئېرى بەرگەن پۇلنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. ئوراكۆزنىڭ چاناقلىرى كېڭەيدى. غەزەپتىن چىرايى تۆمۈردەك كۆكىرىپ، ئېغىر - ئېغىر تىنىشقا باشلىدى.

— ھەي، ئادەمگە ياقىدىغان بىر سۆز قىلساڭچۇ بەغەرەز، بايىلا ساڭا ساپ - ساق تاپشۇرغان پۇل ئەمدى نەگە كېتىدۇ-ھە؟

— خۇدا ھەققى دادىسى، ماڭا ئىشەنسىلە،

پۇل راستلا يوق تۇرىدۇ. يانچۇقۇمىدىن يېنىپ قالغانمىدۇ يا؟

ئۇ هارۋىنى هەيدەپ كەلگەن يولنى بويلاپ چېپىپ كەتتى. ئۇيەردە قالغان ئايال قارا باسقان چۈشتەكلا بۇ ئىشتىن مەڭدەپ، ئاچچان قورسىقىنىڭ غولدۇرلىشىنىمۇ تۇيماستىن لايدىن ياسالغان هەيكەلدەكلا هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا توخۇ چۈجىسىدەك ئەتراپىنى ئورىۋالغان بالىلىرىنىڭ كەمپىت جېدەللىمۇ كىرمەيتتى، نېمە قىلارىنىمۇ بىلمەيتتى. پەقەت قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەن ئېرى بېشىنى چايقىغىنىچە ئوچاق بېشىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىلا ئۇ سۈت خۇمارى تۇتقان بوۋاقتەك پاك قىلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇدۇزكاچىتىغا شاپىلاقلىغىنىچە شۇنچىلىك ئېزىلىپ يىغلىدىكى، خۇدانىڭ رەهمى كەلسە ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا چىدىماستىن يوقالغان پۇلنى تۆكۈلۈكتىن تاشلاپ بېرەرئىدى. بىراق، هازىرنىڭ ئۆزىدە بۇ ئىلاهئۇخلاپ قالدىمىكىن، ئۇنىڭ يىغىسىغا تەسەللىي بېرىپ، دەردىگە دەرمان بولغۇدەك بىرەرسى يوق ئىدى. ئايال كەچ كىرگىچە يىغلاپ چىقتى. بالىلىرىنىڭ كونا كىيىملىرى يېڭىلانمايدىغان، ئۆزىنىڭ كۆكسىنىمۇ يۆگىيەلمەيدىغان، ئۆيىنىڭ كەم-كوسىلىرىنىمۇ تولۇقلىيالمايدىغانلىقىنى ئويلىسا ئۇ ئۆزىنى ئەپۇ قىلالمايتتى، ئۇيىغلايتتى. ئالتە بالا ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلاتتى. ئۇنىڭغا ئۈمىدلىك تىكىلەتتى. ئورا كۆز بولساگەپ قىلماستىن ئەلەم بىلەن ئېغىر-ئېغىر تىنىپ پۇشۇلداپ ئولتۇراتتى. بۇئائىلە قىيامەت قايىم بولۇش هارپىسىدا ئەزرائىلنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندەك مۇسىبەتكە چۆمگەنىدى. شۇ تاپ ئايالمۇئۆزىدە ئېرى ۋە بالىلىرىغا بەرگۈدەك مېهرى-مۇهەببەتتىن باشقا هېچ نەرسە قالمىغانلىقىنى هېس قىلاتتى.

ئۇ پۇلنىڭ يېنىپ قالغانلىقىنى ياكى ئوغرى ئالغانلىقىنى بىلمەيتتى. نېمىلا قىلغان بىلەن سانسىز ئۈمىدلەر كۆز تىككەن بۇغداي پۇلى قولدىن چىقىپ كەتتى. ئۆگىتىلمىگەن قۇش قولدىن قېچىپلا بىر پەرۋاز قىلىش بىلەن ئۇپۇققا سىڭىپ كەتكەندەك غايىب بولدى. بۇ پۇلنىڭ قايتا ئۇلارنىڭ قولىغا كېلىشىدە ئۈمىد يوق ئىدى. شۇڭا ئايالمۇ، ئورا كۆزمۇ هەسرەتلىك تىنىپ بۇ توغرىدا قايتا ئېغىز ئېچىشمىدى.

× ×

كېچە، بۈگۈن هاۋا تازا ئىدى. چاۋا ياغدەك نېپىز ئاقۇش بۇلۇتلار قوينىدىن تولۇنئاي كۈمۈشرەڭ نۇرلىرى بىلەن زېمىننى يۇماقچى بولغاندەك پارلاپ تۇراتتى. زېمىن سۈتكە غەرق بولغاندەك، تولۇنئاينىڭ نۇر چەشمىلىرى ئاشىق-مەشۇقلار ئۈچۈن يارىتىلغان تۈن كېچىسىنىڭ خىلۋەت قۇچىقىنى تويۇندۇرغانىدى. ئارقا هويلىدىكى باغدىن چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىشى ئاڭلىناتتى. كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇرغان بۇ ئاۋاز بەزىدە چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئارىسىدىن كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ شەپىسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن ئايال ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن كېچىنىڭ ئاشۇ سېهىرلىك مەنزىرىسىگە تويماي قارايتتى. ئۇسما قويۇپ قېشىنى بوياپ، سېغىز ئوچاق بىلەن ئۆزى ياساۋالغان ياغاچ قازاندا ئاش پىشۇرۇپ يۈرگەن بالىلىق دەۋرىنى، ئېرى سالىم بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندىكى تاتلىق سېزىم ئارىلىشىپ كەتكەن بەخت-

لىنىڭ مىنۇتلىرىنى، تۈنجى سۆيگۈ بىخ سۇر-
گەن باش باھار پەسلىنى، كېچىنىڭ ساپ،
سالقىن ھاۋاسىغا تويۇنۇپ، سۈتتەك ئاي
نۇرىغا چۆمۈلگىنىچە تۈننى تاڭغا ئۇلىغان
ئاشۇ چاغلارنى بىرمۇ بىر كۆز ئالدىغا
كەلتۈرۈپ ئۇزاق خىيال سۇردى. تولىمۇ
شېرىن، يۈرەكتە ئورناپ كەتكەن، مەڭگۈ
ئەستىن چىقمايدىغان بۇ ئەسلىمىلەر ئۇ-
نىڭ بۇگۈنكى قايغۇسىنى بىر ئاز يېنىك-
لەتكەندەك، ھاردۇق يەتكەن جىسمى سەل-
پەل ئارام تاپقاندەك ئۆزىنى يەڭگىل ھېس
قىلدى.

شۇ ئەسنادا ئۇ باغدىن بىرسىنىڭ
بوش يۆتەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئارقى-
دىنلا كىتىرلىغان يەنە بىر شەپىمۇ كېلىش-
كە باشلىدى. ئۇنىڭ تېنىگە تىترەك ئو-
لىشىپ، تېنى ئۆيگەندەك بولدى ـ دە،
ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ سالىمنىڭ ئورنىغا قا-
رىدى. ئاخشام ئۇ بىر ئوبدانلا جايلاشتۇ-
رۇپ بەرگەن يوتقان تېپىۋېتىلگەن، سالىم
ياتقان ئورۇن بوش تۇراتتى. ئايالنىڭ يۈ-
رىكى «جىغ» قىلدى ـ دە، پۈتىنىڭ ئۇ-
چىدا دەسسەپ باغقا ئۆتتى.
كۈچلۈك بىر ۋەسۋەسە ئۇنى
پاراكەندە قىلىپ، قەلبىنى ئۆرتەشكە باش-
لىدى. ئۇ باغدىكى ئالمىنىڭ تۈۋىدە بىر-
سىنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى، بىر نەر-
سىنى كولاپ ئېلىپ يانچۇقىغا سالغانلىقى-
نى كۆردى. شۇ ئەسنادا ھېلىقى كىشى بوش-
قىنا يۆتەلدى. يۆتەل ئاۋازىدىن ئۇنىڭ
سالىم ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئايال يوشۇ-
رۇنۇپ تۇرغان گۈللۈكتىن چىقاي دەپ تۇ-
رۇشىغا سالىم باغ شورىسىدىن بىر ئات-
لاپلا قوشنىسى ئەختەمنىڭكىگە ئۆتۈپ كەتتى.
بۇنى كۆرۈپ ئايال قوقاس ئۈستىدە ياتـ-
قاندەك پۇچۇلىنىپ كەتتي. ئۇ سالىمنىڭ
بىر نەچچە قېتىم ئەختەمنىڭ ياش ئايالى
سەلىمە بىلەن پىنھانلاردا پاراڭلىشىپ
تۇرغانلىقىنى، بىر نەچچە قېتىم «ئامەت
دو تىكىپ» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ كۈ-
لۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالغانىدى.
ئۆز ۋاقتىدىغۇ ئۇ سالىمغا چەكسىز ئىش-
نەتتى. ئەجىبا كېلىپ سالىم تۈن كېچى-
لەردە باغ شورىسىغا ئېسىلىپ يۈرسە-ھە؟...

ئايال نېمە قىلارىنى بىلمەي گۈللۈكتە بىر
پەس تۇرۇپ قالدى، ئەمما بىر چاغدا ئۆزى-
مۇ سەزمىگەن ھالدا باغ تېمىغا يامىشىپ
چىقتى ـ دە، ئەختەمنىڭكىگە بويۇنداپ قا-
رىدى. جىن چىراغنىڭ يورۇقىدا غۇۋا يو-
رۇپ تۇرغان ئەختەمنىڭ ئۆيىدە بىر نەچ-
چە كىشى بىر نېمىلەرنى قىلىپ ئولتۇ-
رۇشاتتى. كېچىككىنە دېرىزە كۆزنىكىدىن
ھەممىسىنىڭ ئالدىدىكى بىرلا نۇقتىغا قاتتىق
تىكىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇ سەل گۇمانسىراپ تامدىن ئەختەمنىڭ
ھويلىسىغا سىيرىلىپ چۈشتى-دە، شەپە چى-
قارماستىن دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئۆي ئى-
چىگە كۆز تاشلىدى. گۈرەن تومۇرلىرى
كۆپۈپ، چىرايى پوكانىدەك قىزارغان ئۈچ
كىشى ئەختەم بىلەن سالىمنى ئارىغا ئېلى-
شىپ، بىر شىرەنى چۆرىدەشكىنىچە ھوشۇق
تاشلاپ قىمار ئوينىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا
ئەختەم سالىمدىن سوراپ قالدى:

— خېلى بىر نېمە تىقىشتۇرۇپتىكەنسەن
ئاغىنە، قانداق جايلىدىڭ؟

— خوتۇن كىشىنىڭ بۇرنىنى پوردا تەش-
مىگەن ئەر — ئەر ئەمەس ئاغىنە، ئۇ گۇمان-
لىنىپ قالمىسۇن دەپ پۇلنى ئەتەي ئۇنىڭغا
تۇتقۇزدۇم، ئەمما يولدا ئۇيقۇغا زورلاپ، چان-
دۇرماستىن سوقۇۋالدىم ـ قانداق ؟ ئىش
جايىدا بوپتىمۇ؟

— ۋاھ كاساپەت، بۇنداق ئىشلاردا

خېلى ئېپىك بار جۇمۇ سېنىڭ.

— تىنچ، تىنچ، ئەمىسە ئاخىرقى قېتىمقىسى، تىكىدىغانلار بارمۇ؟

— قولۇمدا قالغىنى مۇشۇ، — دېدى سالىم توش يانچۇقىدىن ھېلىقى پۇلنى چىقىرىپ، — ھەممىنى تىكتىم.

— بوپتۇ، — دېدى ئەختەممۇ گېلىنى قىرىپ، — ئائىلەمدە قالغان ئاخىرقى بېساتىم — بوز ھاڭگىنى ئىككى نۆۋەتكە تىكتىم.

— ھوشۇق تاشلاندى — دەتتىكام!

— يا خىزىر...

— ...

بۇ چاغدا ھەممەيلەننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. پەقەت چىرايىدىن قوپال، چېكىسىدىكى ھېرىسمەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ياپما قاپاق بىرى شىرە ئۈستىدىكى پۇللارنى سۈپۈرۈپ قوينىغا تىقتى.

ئۆي ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. ھېلىقى بىرلا كىشىدىن باشقىلارنى قارا باسقاندەك ھاڭۋاقىنىچە قېتىپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى. بىر چاغدا سالىم خىرقىراق ئاۋازدا ھېلىقى كىشىگە يېلىندى:

— ھەسەن ئاكا، بۈگۈن پىرىم ساڭا ئوڭ كۆزىدە باققان چېغى، ئامىتىڭ راسا كېلىپ، بىزنى سويغان پىيازدەكلا قىلىۋەتتىڭ. رەھمى قىلىپ مەندىن ئۇتقان بەش يۈز قىرىق سومدىن يىگىرمە سوم قايتۇرۇپ بەرگىن، بىر ھاجىتىم بار ئىدى، مېنى تەڭلىكتە قويما جېنىم ئاكا.

— نېمە قىلىسەن؟ — ھېلىقى كىشى ھەيران بولغاندەك قاشلىرىنى ئۈچۈرگىنىچە ياندۇرۇپ سورىدى.

— ئىش قىلىپ بىر ھاجىتىم بار ئىدى ئاكا.

— ھە، خوتۇنۇڭغا ئىشتان ئېلىپ بېرەي دەپسەندە. مەن ئېلىپ بېرەيمۇ يا ئۇ سەتەڭگە. راست دەيمەن، خېلى قاملاشقان خوتۇنۇڭ باردە سەن ئورا كۆزنىڭ.

— ئۇنداق دېمە ھەسەن ئاكا، ئاغىنىلە دېگەن بىر-بىرىنىڭ خوتۇنىغا كۆز قىزارتمايدىغان.

— ماڭا قارا سالىم، — دېدى ھېلىقى ياپما قاپاق كۈلكىسىنى يىغىشتۇرۇپ قوپاللىق بىلەن، — سەن تاۋۇكا بىلەن ئۈلپەتلەشكىلى ئۇزۇن بولدى. قائىدىنى ئوبدان بىلىسەن، شىرە ئۈستىدىكىسى ھوشۇققا قارايدۇ، ھوشۇق كىمگە چۈشسە ئامەت شۇنىڭ. چىدىغانغا چىقارغان ئويۇنغۇ بۇ. تىكىدىغان چاغدا سەكرەيسەن، ئۇتتۇرۇۋېتىپ ئەمدى پۇل سورامسەن؟ چۆچۈرىنى خام سانىما ئاداش.

— رەھىم قىل ئاداش، مېنىڭ راستلا...

— تولا ئېغىزىڭنى ئۇششۇتمە ئاداش، رەھىم-شەپقەت دېگەن تاۋۇكانىڭ كۈشەندىسى، — ئۇ ئەمدى سالىمغا گۆلەيگىنىچە ھەيۋە قىلىشقا باشلىدى، — تىكىدىغىنىڭ بولسا تىكىپ ئۇتۇۋالساڭ يىگىرمە سوم ئەمەس، قولۇمدىكى ھەممە پۇلنى بېرىمەن، تىكىدىغىنىڭ بولمىسا تولا غىڭشىپ سەپرايىمنى ئۆرلەتمە، ئاچچىقىمنى بىلىسەنغۇ، بولمىسا ھەممىمىزنىڭ قولىقان بولىدۇ بىكار.

سالىم بىر پەس ئىچىگە تىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەختەمگە قارىدى. ئەختەممۇ ھېچ نەرسىسى قالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ باش چايقىدى.

— بولدى، ئۆيۈمنى تىكتىم، — دېدى سالىم شىرەگە سۈرۈلۈپ.

— ياق، سەن ئۆيۈڭنى ئاللىقاچان توختى قوتازغا تىكىپ ئۇتتۇرۇۋەتكەن تۇرساڭ، ئىككىمىزنى باغلىماي تالاشتۇراي

دەپسەندە خۇمسى...

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئايالنىڭ تېنى جۇغۇلداپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى - دە، دېرىزە تۈۋىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى. شۇئەسنادا سالىمنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بوپتۇ، خوتۇنۇمنى تىككتىم...

— سالىم، - ئايال ئېرىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ بەدىنىنى چايان چاققاندەك ئەنىدىكىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمىغان هالدا ئۆي ئىچىگە تاشلاندى.

ئىشىكنىڭ زەرب بىلەن قاتتىق ئېچىلىشىدىن چۆچۈپ كەتكەن قىمارۋازلار داڭقېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئايال گويا ئوۋغا تاشلانغان چىشى يولۋاستەك قەهرى بىلەن سالىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئايالنىڭ كۆزىدىن چېقىۋاتقان غەزەپلىك يېشىل نۇرنى كۆرۈپ ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇ كاللىسى قىزىپ كېتىپ ئويلىمايلا قىلىپ سالغان ئىشىنى ئەسكە ئالغاندا تېنى جۇغۇلداپ، نومۇستىن بوغۇلۇپ كەتتى.

— سالىم، - دېدى ئايال سەل-پەل ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، - ئۆيىمىزنى ئوتتۇرۇپ بولۇپلا، ئەمدى هالال ئاياللىرىنى هېچ ئىككىلەنمەي دوغا تىكىشكە قانداق چىدىدىلا؟ سىلىگە رەهمەت ئېيتايمۇ ياكى ئالتە بالىنى سىلىگە قويۇپ، بىراۋنىڭكىگە يول ئالايمۇ؟ بىر ئائىلىلىرىنى، خوتۇنلىرىنى، ئالتە بالىنىڭ مېهرىنى دوغا تىكىشكە راستىلا جۈرئەت قىلدىلىمۇ؟

سالىم قاپىقىنى سالغىنىچە شىرە ئالدىدىن تۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئايالى ئالدىدا يوشۇرۇپ قالغۇدەك هېچ يېرىنىڭ قالمىغانلىقىنى، قايسى يىلى يۈتكەن كالا، قايسى كۈنى ئارغامچىنى ئۈزۈپ غايىب بولغان ئېشەك، بۈگۈن يۈتكەن پۇل... قاتارلىقلارنىڭ سىرىنى ئايالىنىڭ بىلىپ بولغانلىقىنى هېس قىلاتتى. ئامبار سېزىپ كەتسە سۇيى تارتىلىدۇ. ئۆي دېگەنمۇ ساداقەت بولمىسا ئۇ سېزىغان ئامباردەك قۇرۇپ چۆلدەرەيدۇ. بۇنى ئەمدىگىنە هېس قىلدىمىكىن. تاۋكا ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ دەققىلەردە ئۆيىنىڭ قۇرۇقدالغان تاملىرى، كىگىز - كېچەكسىز يالىڭاچ سۇپىلىرى سالىمنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى.

— ئاھ...— ئۇ شۇنداق بىر نالە قىلدىكى ئۆي ئىچىنى سۈر باسقاندەك ھەممەيلەن تىن چىقارماي تۇرۇپ قالدى. سالىم ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان ھەمسۆھبەتلىرىگە كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە بىر قۇر قاراپ چىقتى - دە، بېشىنى چايقىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. تاۋكادا ئولتۇرغان قىمارۋازلار چاچلىرى چۇۋۇلغان، جۇل-جۇل كىيىملىك بۇ ئايالنىڭ چىرايىدىكى غەزەپ ئۇچقۇنىنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىشتى.

ئايال ئەختەمنىڭكىدىن چىقىۋېتىپ سالىمنىڭ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئەلەم بىلەن كۆككە باقتى. پۈتۈن ئېتىقادىنى، بەختىنى تاپشۇرغان يۈكسەك ئىشەنچ ئۇنى ئالدىدى. ئۇ بۇنداق قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىن تۇيدۇرمايلا بالقىپ چىققان بىر ئاچچىق ئېقىم پۈتۈن بەدىنىنى جۇغۇلدىتىۋەتتى. ئۇ بەزگەكتەك تىترىگىنىچە قوللىرىنى چىشلەپ باغ شورىسى تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۈنسىز يىغلىماقتا ئىدى. بەختسىزلىكىدىن، بىتەلەيلىكىدىن، خۇداغا قەلبىدە نالە قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىگەن هالدا، تۈن كېچىدە يولنى پەرق ئېتەلمىگەن كىچىك بالىدەك نىشانسىزلىقىغا يىغلىماقتا ئىدى.

شۇ ئەسنادا ئۆي ئىچىدىنمۇ ھەسرەتلىك بىر يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ بىر چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى. سالىم كىچىك قىزى گۈلئەنبەرنى قۇچىقىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىيلىغىنىچە ئۈزۈلۈپ يىغلاۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز قىلمىشىغا ئېچىنىپ يىغلىشىمۇ ياكى ۋەيران بولغان ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئۈچۈن قىلغان نىداسىمۇ بىلىپ بولمايتتى.

# ئىشەنچ ۋە پۇل

(ھېكايە)

مېھرىنگۈل ئابلىز

ئىشخانىدىكى ئۈچ ئايال بىكار قالساقلا تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. بۈگۈنكى پاراڭ ھەممە ئاياللار ئۈچۈن ئورتاق تېما بولغان ئەرلەرنىڭ «ساداقىتى» توغرىسىدا كېتىپ باراتتى. راھىلە بىلەن خەلچەم ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ ئاخىرى:

— ئەرلەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، — دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى. ئەمما، مېنىڭ يولدىشىمغا بولغان قارىشىم ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. چۈنكى، بىزنىڭ ئائىلىمىز ئىشەنچ ۋە مۇھەببەت بەھرىدە ياشناۋاتاتتى. شۇڭا مەنمۇ ئۆز كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم:

— گېپىڭلارنىڭ ئەكسىچە مەن شەمسىگە بەكمۇ ئىشىنىمەن، ئۇمۇ ماڭا ئىشىنىدۇ، بىز كىچىككىنە ئىشلاردىمۇ بىر - بىرىمىزدىن سىر يوشۇرمايمىز.

— سىز تېخى نادان، كۆپ ئىشلارنى چۈشەنمەيسىز، ناۋادا مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن كۈلپەتلەر سىزنىڭ بېشىڭىزغىمۇ كەلگەن بولسا ھەرگىز ئۇنداق دېمىگەن بولاتتىڭىز، — دېدى راھىلە. ئۇ بىزگە ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئەسلىدە ئۇلارمۇ مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغانىكەن. لېكىن راھىلە يەڭگىگەن چاغلاردا يولدىشى ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلغانىكەن. راھىلە بۇ خورلۇققا چىدىماي ئاجرىشىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بالىسىنى ئويلاپ لېۋىنى چىشلەپ بولسىمۇ چىداپتۇ. يولدىشى قىلمىشىغا بىرنەچچە قېتىم تۆۋا قىپتۇ، ئەمما ۋەدىسىدە تۇرماپتۇ. شۇڭا راھىلە يولدىشىغا ئىشەنمەيدىكەن.

— يۈسۈپجانغۇ ئۇنچىۋالا ئالا كۆڭۈل ئەمەس، لېكىن ئۇ بەك پىخسىق. ھەر ئايدا ئالغان ئىش ھەققىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ھېسابلاپ كېتىدۇ. كۈندىلىك خەجلىگەن پۇللارنىڭمۇ ھېسابىنى ئالىدۇ. ئەگەر ماڭا كىيىم - كېچەك ئېلىشقا توغرا كەلسە « ئەرزانراقىنى ئالايلى » دەپلا تۇرىدۇ. ئاتا - ئانامغىمۇ پۇل تەڭلىيەلمەيمەن. ئەمما ئۆزىگە دوستلىرى كەلسە شۇنداق سېخىيكى، ھاراقنىڭ قىممەتلىرىنى، تاماكىنىڭ ئېسىللىرىنى ئالىدۇ. ئاخىرى ئويلا - ئويلا بىر ئەقىل تاپتىم. ئىش ھەققى دېگەن ئۆسۈپ تۇرىدىغان نەرسە بولغانىدىكىن ھەر ئايدا ئون - ئونبەش يۈەننى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ قالىمەن. بۇ پۇل كۆپەيگەندە ئەرزان ئالدىم دەپ قويۇپ قىممەت باھالىق بىر قۇر كىيىم كىيىۋالىمەن ياكى ئاتا - ئانامغا بېرىمەن...

خەلچەمنىڭ بۇ گەپلىرى ماڭا ئەقىل بەرگەندەك قىلدى. قايسى كۈنى ماڭا قىشلىق كىيىم سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا چىققاندا بىر قۇر يۇڭ كىيىمنىڭ پوسونى ماڭا بەك ياقتى. شەمسى بۇ كىيىملەرنىڭ باھاسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپلا « ئەرزانراقىنى ئالايلى » دەپ

تۇرۇۋالغاچقا ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ ئال ـ
مىغا نىدىم. شۇئىشلارنى ئويلاپ خەلچەمنىڭ
تۇتقان يولى بويىچە ئاخىرى مەنمۇ ئۇنىڭ ھو-
نىرىنى ئۆگىنىپ ئانچە ـ مۇنچە نەپ ئالدىم.
ئەمما، بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيـ
گە كىرسەم شەمسى مېنى بۇرۇنقىغا ئوخـ
شىمايدىغان بىر خىل سۈس نەزەر بىلەن
قارشى ئالدى، بىز ئۈن ـ تىنسىز چاي ئىـ
چىشتۇق ، يۈرىكىم بىر كۆڭۈلسىزلىكنى
سەزگەندەك ئەنسىز دۈپۈلدەشكە باشلىدى.
خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان سۈكۈتنى ئاخىـ
رى شەمسى بۇزدى:
ــ چامىداندا يەتمىش يۈەن پۇل تۇـ
رىدۇ، ئۇ پۇل نەدىن كەلدى؟
مەن بۇ پۇلنى سېزىلىپ قالار دەپ خىـ
يال قىلمىغىنمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن . چۈنـ
كى بىز يازلىق كىيىملەرنى ئۈستۈنكى
چامىدانغا، قىشلىق كىيىملەرنى ئاستىنـ
قى چامىدانغا سالاتتۇق . ھازىر قىشلىق
كىيىملەرنى كىيىدىغان مەزگىل بولمىغاچـ
قا خاتىرجەم ھالدا، پۇلنى قىشلىق چاپىـ
نىمنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ئاستىنقى چاـ
مىداننىڭ ئەڭ تېگىگە سېلىۋەتكەنىدىم .
بۇ پۇل قانداقلارچە ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ
قالغاندۇ؟ ماڭا ئىشەنمەي يانچۇقلىرىمنى
ئاقتۇرغانمىكىن دەي دېسەم، ئۇ ئەزەلدىن
ماڭا گۇمانىي كۆز بىلەن قارىمايتتى. ئېھـ
تىمال بىر نەرسە ئىزدىگەن بولسا قولىغا
چىقىپ قالدىمىكىن، ئەمدى نېمە دېسەم
بولار؟ ئۇ مېنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ كۆزلىـ
رىمگە قاراپ ئولتۇرىدۇ.
ــ ئالمىرە ساقلاپ بېرىڭ دەپ بەرگەنـ
تى،ـ دېدىم ئارانلا،ـ مۇشۇگەپنىڭمۇ تىلىمـ
غا قانداق كەلگەنلىكىنى بىلمەيمەن. ياـ
رەبىم ، يالغان ئېيتىپ ئادەتلەنمىگەن
كىشىگە تۇنجى قېتىم يالغان ئېيتىش نەـ
قەدەر قىيىن ئىش ـ ھە؟! ئۇ باشقا بىر
نەرسە دېمىدى، يېرىم سائەت چامىسىدا
ژۇرنال كۆردى، ئاندىن:
ــ ماگىزىنغا چىقىپ تاماكا ئەكىرەي، ـ
دەپ چىقىپ كەتتى. چىگىش خىياللارغا ئەـ
سىر بولۇپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ قالدىم.

ئالمىرە بىزگە قوشنا ئولتۇرىدىغان قىز
ئىدى. بايامقى دۇدۇقلاشلىرىم شەمسىنى
گۇمانلاندۇرۇپ قويغان بولسا، ئۇ ئالمىـ
رەدىن سوراپ يۈرمىسۇن يەنە، چىقىپ
ئۇنىڭغا دەپ قوياي دېگەن خىيالدا ئۆيـ
دىن چىقىشىمغا، شەمسى ھويلىغا كىرىپ
كەلدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ھاڭـ
تاڭ قالدىم. ئۇ قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ،
كۆزلىرىدىن سوغۇق ئۇچقۇنلارنى چاقنىـ
تىپ ماڭا نەشتەردەك تىكىلدى. ئۇ بىر
ھازا لام ـ جىم دېمەي قاراپ تۇرغاندىن
كېيىن ئېغىر ھاسىرىغان پېتى ئۆيگە كىـ
رىپ كەتتى، مەنمۇ قورقۇمسىراپ ئارقىـ
سىدىن كىردىم. ئۇ بېرىپلا چاپىنىمنىڭ
يانچۇقىدىن پۇلنى ئالدى ـ دە، بىر ـ بىرـ
لەپ يىرتىپ ئالدىمغا تاشلىدى:
ــ مانا، ئالمىرەنىڭ پۇللىرى، ئېسىت!
ئاياللارغىمۇ ئىشىنەرمۇ كىشى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نەزەرىدە مەن
ئىشەنچىسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم.
نەچچە قېتىم ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا
ئېيتاي دەپمۇ ئويلىدىم، ئەمما
مەن ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان چۈشىنـ
مەن، ناۋادا بىرىنچى قېتىمدىلا راست
گەپ قىلغان بولسام ئۇ مېنى چوقۇم كەـ
چۈرەتتى، بىراق مەن يالغان ئېيتىپ قوـ
تۇلالمىغاندا ئاندىن راست گەپ قىلسام
ئۇ بۇلارنى ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن توقۇپ
چىققان گەپلىرى دەپ ئويلىشى مۇمكىن.
مانا ئەمدى ھېلىقى خىزمەتداشلىرىم ماـ
ڭا دېگەندەك شەمسىمۇ باشقىلارغا:
ــ ئاياللارغا بەك ئىشىنىپ كەتسەھەرـ
گىز بولمايدىكەن، ـ دېيىشى مۇمكىن. ھاـ
زىر ھەر قانچە پاكىپېتەك بولۇپ كەتـ
سەممۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى گۇمان بۇلۇتـ
لىرى تاشلاپ تۇرغان سايىنى ئۆچۈرۈۋېـ
تەلمىدىم. ئاھ خۇدا! مەن زادى قانداق
قىلسام شەمسىنىڭ قەلبىدىكى «ئىشەنگىـ
لى بولمايدىغان ساداقەتسىز خوتۇن» دېـ
گەن ئوبرازىمنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ بۇـ
رۇنقىدەك ئىشەنچ ۋە مۇھەببىتىگە ئېرىـ
شەلەرمەن ـ ھە؟...

# ھايات، سۆيگۈ، باھار ئاققان بۇلاق نورۇز

**ئابدۇللا سۇلايمان**

قايتتى قۇشلار يۇرتقا، كۆكتە قىلىپ پەرۋاز،
ئانا تۇپراق يېشىل رەڭدە قىلدى پەرداز.
ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئاراسۇلار چالدى شوخ ساز،
زېمىن تەۋرەپ لەرزانىغىنا چىقتى ئاۋاز.
بۇ نەۋ يىل بېشى باھار، بۇ خىسلەتلىك
بايرام ـ نورۇز،
ھايات گۈزەل، زېمىن گۈزەل، ئادەملەر ئۈز.

شوخ شامالار پېشانىنى سۆيۈپ ئۆتتى،
ئىسسىق، ئەگىز ـ شۇرەملەرنى سۇرۇپ
ئۆتتى.
دېھقان ئېتىز، قىر ـ تۇسەمنى كۆرۈپ ئۆتتى،
ھەركىم ھايات باھارىغا كۆيۈپ ئۆتتى.
بۇ ـ ئۈمىدنى بىخلاندۇرغان كۆكلەم ـ نورۇز،
بىخ چىقارغان نازۇك مايسا شۇقەدەر ئۈز.

ئۈزاتقاندا ئىنسان ھەر بىر باھارىنى،
چالار يازنىڭ كۈيى، قىشنىڭ ساتارىنى.
ساناپ يېشى ـ ئۆمرى، ئۆلۈم قاتارىنى،
كۆرۈپ يېڭى باھار، قۇتلار ھەر بارىنى.
بۇ ـ ھەر بىرى بىرھالقىلىق زەنجىر ـ نورۇز،
تاتلىق ئۆمۈر، كەڭرى ئالەم ھەممىدىن ئۈز.

ياز، كۈزلەردە پىشار مېۋە، زىرائەتلەر،
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان چېكەر رىيازەتلەر.
قىش ـ ئىنساننىڭ پىشقان ۋاقتى، شۇ پۇر-
سەتلەر ـ
ئاجرار ھايات بەرگىدىن كۆپ گۈل قامەتلەر.
ھايات ـ ئۆلۈم ئارىلىقىدا ئۆتەڭ نورۇز،
بۇ ئۆتەڭگە يەتكەن كىشى كۈلەر بىر ئۈز.

يىقىلغاندا تەۋەش ۋەجى تۇسالغۇ تام،
ئېچىلىدۇ دەرۋازىلار كەڭرى ـ داغدام.
قۇت ـ ئامەتلەر تىلەپ، تولارمەي بىرلەجام،
ئۆز ـ ئۆزىگە شاھىت ئۇتلۇق ھېستا ئاۋام.
يولدىن يوللار باشلىغان زور كارۋان نورۇز،
سۆيگۈ تۇشۇپ سۆيگۈ ئالغان بوسەپ بەك ئۈز.

ئۇ ـ مۇساپە مىرزىسىدۇر ھارمايدىغان،
قايغۇ، شادلىق يېزىپ قولى تالمايدىغان.
نۇر بېرىپ، نۇر ئەمدۇرۇپ ھېچ قانمايدىغان،
ھۆسنى جەننەت ھۆسنىگە تەڭ، چانمايدىغان.
بەك قەدىمكى بەكمۇ ياش بىرجەريان نورۇز،
قەدىمىلىككە ئوخشاش بۈگۈن يەنىلا ئۈز.

يوقتىپ بەك ئۇزۇن ئۇنى ئاران تاپتۇق،
ئۆتمۈشنى ھازىرىغا مەھكەم چاتتۇق.
مەرھابا دەپ ئۇنى ناخشا ـ كۈيگە قاتتۇق،
نورۇز ئۈچۈن جان تەسەددۇق، مىڭ تەسەددۇق.
ھايات، سۆيگۈ، باھار ئاققان بۇلاق نورۇز،
نورۇزدىكى يېشىل ئالەم، گۈل ئۆمۈر ئۈز.

# غەزەللەر

**ئوبۇلخەيرى ئىبراھىم**

1

ئايا جانان مېنى ۋەسلىڭگە يەتكۈز، ئىنتىزار قىلما،
ئۈمىد كەئبەمگە ياق شەمئى چىراغىڭ، مۇنچە زار قىلما.

چۈشۈپتۇر دەردى باشىمغا بۇ ئىشقى ھىجرىدىن سەۋدا،
ئىكەنمەن مەجنۇنى شەيدا، بازار يولۇڭنى تار قىلما.

دېگىن شەرتىڭنى، بەرمەيمەن نېچۈن ۋەسلىڭگە ئىمكانلىق!
ماڭا بۇ بى ۋاپالىقنى ئۆزۈڭگە ئىپتىخار قىلما.

مېنى قان يىغلىتىپ نامەرد بىلەن شوخ بەزمىلەر تۈزدۈڭ،
رىزامەن بى مۇرات، كۈل - يۈر خىرامان ئاشكار قىلما.

سېنىڭ بۇ بى نەزەر سەركەشلىكىڭنى سىرى پىنھان تۇت،
خالايىق كۈلمىسۇن ھەرگىز، مېنى ھەم شەرمسار قىلما.

بۇ سۆيگۈ رەنجىدىن كەلدى بېشىمغا كۆپ مالامەتلەر،
يېتەر بەس! بۇ سارغايغان يۈزلىرىمنى خاكسار قىلما.

شاراب كەلتۈر ۋە ئوغا، ئىچەي بىر قەترە مەي كەلتۈر،
تىرىلدۈرمەيلى يا ئۆلتۈر، مېنى نامەردكە خار قىلما!

2

پىراقتىن ئۆرتىنىپ جىسمىم كۈرەلمەي ئول نىگارىمنى،
ئازابى ھىجرىدىن ۋاي داد! يوقاتتىم ھوش - قارارىمنى.

نېچۈكتۇر ئەقلى - ھوشۇم، بىخەۋەرمەن ئۇشبۇ ھالىمدىن،
يېدى غەم قۇشلىرى ئوۋلاپ، شىلىپ تەن - ئۇستىخانىمنى.

كى قىلدىم ئىپتىخار ھەر دەم قازانىڭ پالىنى ئاچتى،
بولۇپ ئۇ كەر بالا دەشتى شېھىت قىلماققا قانىمنى.

كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئۆچتى، ئېگىلدى يا كەبى قەددىم،
يېرىلدى چاكى - چاك باغرىم كۆتۈپ ئول ئىنتىزارىمنى.

ئىمانىسىز مەيلى دەپ ئۆلسەم، ئىزىغا سەجدىلەر قىلدىم،
بولۇپ بىر بۇتپەرەس، بولسا كەچۈرگەي دەپ گۇناھىمنى.

چۈشۈمدە بىر نامايان بولدى ئەرزىم ئەيلىدىم ئىزھار،
بۇ دەردىڭ ئاز دېدى كەتتى ئىلىكسىز ئېھتىرامىمنى.

قىلار دەپ ئويلىسام ئول كۈن مېنى غەم ئىلكىدىن ئازاد،
يېرىپ غەم كۆكسىن كۆر دەپ ئالغىلى تاس قالدى جانىمنى !...

دېگەيلەر خەير ئى دىلدارىدىن① نا ئۈمىد كەتتى،
كۆرۈڭ قان بەرگى شەبنەم قەبرە ئۆزرە رەيھانىمنى.

① تانا — ئەينا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



3

باقتىم يولىغا تەلمۈرۈپ، سۆيگەن نىگارىم كەلمىدى،
ئويناپ كىيىكتەك، قاش ئېتىپ كۆزى خۇمارىم كەلمىدى.

قىلماققا داخىل ئەمرىنى قەددىمنى پۈكسەم قۇل بولۇپ،
ئەيلەپ تەبەسسۇم غۇنچىدەك، مەڭزى ئانارىم كەلمىدى.

قىلدى ۋۇجۇدۇمنى قامال غەم بىرلە ھىجران ۋەسۋەسى،
قىلماققا كۆڭلۈمنى شىكار ئول غەمگۇزارىم كەلمىدى.

قاشى سىياھدان، يۈزى گۈل، خۇرشىدى ئەنۋەر كۆزلىرى،
لەئلى بەداخشان لەۋلىرى، بۇيى ئىپارىم كەلمىدى.

تارتماق مۇشەققەت ھۆكمىدىن، ھەسرەتكە تاقەت قىستىدى،
باستىم قەدەملەر سەۋرىدىن، مەنزىل قارارىم كەلمىدى.

بولماق گىرىپتار بائىسى باشىم كېتىپتۇر تاقەت،
ھۆكمى قازاغا نەقىلاي، غەيرەت مادارىم كەلمىدى.

4

ماڭا يار رەھمە قىل ئەمدى پەلەكتىن ئاشتى ھىجرانىم،
خالاس قىل! قىلمىساڭ غەمدىن ۋە يا قىل قەتلىمگە جانىم.

ساراڭدەك چۆگىلەپ بىخۇت جۇنۇنلۇق دەشتىنى كەزدىم،
پەلەك يار بەرسە قالغايمۇ سېنى كۆرمەككە دەرمانىم.

خىجىلدۇر گۈل جامالىڭدىن، بويۇڭدىن مۇشكىمگە ئەنبەر،
كى يۈتسام ئوغا قەھرىڭدىن دېگەيمەن قەلبى قەندانىم.

دىلىم ئۆرتەپ تامامى دەرد - پىراقنى بىر ماڭا سالدىڭ،
ئەگەر ئۆلسەم ئۇ ئالەمدە بولۇر دوزاخ ئارامگاھىم.

كېلىپتۇر كۆرگۈلۈك باشقا ئۇنى كۆرمەسكە چارەم يوق،
قەسەمىيات قىلدى ئۆگمەسكە ئازابلار ئىچرە ۋىجدانىم.

شەرىئەت ھۆكمىدىن خارىج، خالايىق ئالدىدا مۇرتەت،
ئىمىشمەن يار ئۈچۈن مەردۇت بېرىپ شەيتانىغا ئىمانىم

يېزىپتۇر تائەزەل لەۋھى تۆرەلمىش سۆيگۈدىن روھىم،
بۇ باش سەن ئۈچۈن چەكمەكلىكىم پەرياد قەدىردانىم.

ھەمىشە ئايلىنىپ تەتۈر باھارسىز بۇ پەلەك چەرخى،
سولۇپ چاپقۇنىدا كۆلمەسمۇ مۇراد باغىدا رەيھانىم!!

5

نېسىپ ئەت سەرۋە بوي، گۈلدەك يۈزۈڭنى بىر كۆرەي دىلبەر،
ئۆرۈپ باش، خاكى پايىڭ كۆزلىرىمگە مىڭ سۈرەي دىلبەر.

تېۋىپ كارسىز، بىمارلىق رەنجىدىن ھالىم پەرىشاندۇر،
تەرەھھۇم قىل ۋىسالىڭ جامىدا شەربەت ئىچەي دىلبەر.

نە كۆنلەر باشقا كەلمىشتۇركى ئەرزىم قىلمىساڭ مەقبۇل،
سازايى شۇ، ۋاپاسىز يار جاپاسى دەپ يۇرەي دىلبەر.

مېنى سەن مۇنچە مۇھتاج ئەيلىمەكتىن مۇددىئايىڭ بار،
سابادىن يوللا بىر نامە، نېمە سىر بۇ؟ بىلەي دىلبەر.

يېتىپتۇر كىم قاچان جانانىغا كەچمەي تۇرۇپ جاندىن؟
سېنى دەپ بىر ئەمەس، يۈز مىڭ شېرىن جاندىن كېچەي دىلبەر.

ۋە يا بىر رەھمە قىل، كۆرسەت ۋىسالىڭ ئاپتاپىدىن،
ۋە يا كۆكسۈمگە ئۇر خەنجەر بىراقلا جان ئۈزەي دىلبەر.

كى قىلدى خەيرئى لەۋزە، يانالماس لەۋزىدىن تەھقىق،
سېنى دەپ ئىككى ئالەم توختىماي پەرياد چېكەي دىلبەر.

~~~~ ◁ × ▷ ~~~~

# شېئىرلار

## ئابدۇلھېكىم مەخسۇم

### گۈزەللىك ئالىمى مېنىڭ سەھرايىم

دۇنياغا كۆز ئېچىپ كەلگەن چېغىمدا ،
بۇلغاندى دەسلەپكى بۆشۈكۈم سەھرا.
شۇ سەھرا سۇرىتى قالغاچ ئېڭىمدا ،
قوزغاتتى دىلىمدا يېڭى كۈي ـ ناۋا .

چىلىلايدۇ سەھرادا تاڭنى شوخ سابا،
باشلىنار بۇ جايىنىڭ ئىشى سەھەردىن.
ئويغىنار قىلغاندا بىر خوراز نىدا،
پەرقى بار ئەلۋەتتە بۇنىڭ شەھەردىن.

بىپايان يېيىلىپ ياتقان كەڭ ئېتىز،
قۇياشتىن رەڭ ئالغان ھەرخىل زىرائەت.
يېشىللىق ئالىمى گوياكى دېڭىز،
شائىرنىڭ كۆزىدە يېڭى قىياپەت.

ئوخشىماس كۆپ ئىشلار شەھەرگە بۇندا ،
ۋە لېكىن ئوخشايدۇ تۇغۇلۇش، ئۆلۈش.
بۇ قىسمەت قەدىمدىن قالغان بىر مودا،
سەھرادا ئۆلۈمدىن باشقىسى كۈلۈش.

مەي بولۇپ ئوخشىغان ئالما، ئانار...لار،
كەۋسەرلەر سۇنىدۇ لەۋلەرگە قىيام.
ياپراقنى سۆيگەندە كەپسىز شامالار،
ئېتىدۇ جەننەتتىن يېپيېڭى سالام.

كۆرۈنمەس بۇ جايدا قەۋەت بىنالار،
ماڭمايدۇ قىز ـ يىگىت يانمۇ ـ يان پەقەت.
ياڭرايدۇ ھەر دىلدىن ئوخچۇپ ناۋالار،
ئاشىقلار قەلبىدە كۈلەر مۇھەببەت.
~~~~

ئوينىماس ياشلىرى سورۇندا تانسا،
چېلىنماس ئولتۇرۇش بولغاندا گىتار.
ئاھ ئۇيغۇر مەشرىپى ئۇلارغا ئاشنا،
بىر مۇڭلۇق كۈي تۆكەر بۇلبۇلدەك دۇتار.

مانا بۇ گۈل ماكان مېنىڭ سەھرايىم،
بۇ جايىنى دەخلىسىز جەننەت دېگۈلۈك.
ئانامنىڭ سۈتىدەك كۈچ بېرەر دائىم،
مانا بۇ مەن ئۈچۈن ئادەت، كەلگۈلۈك.

## ناۋايى خاتىرىسىگە

« ئۆلدى » دەيدۇ سېنى ھەممىسى،
كەتتىڭمۇ سەن راستىنلا ئۆلۈپ.
ئىشەنمەيمەن « ئۆلدى » دېگەنگە،
تۇرغاچ ئۆزۈڭ ئالدىمدا كۈلۈپ.

ئايغا قۇچاق ئاچقان بولاقتەك،
قۇچاق ئاچتى دىلخانەم ساڭا.
«لەيلى-مەجنۇن»، «پەرھات-شېرىن»لار،
سۆيگۈ بەردى تۈگىمەس ماڭا.

چاقىرغاندۇ بەلكى « فارابى »،
يا چىللىدى « ھاجىپ » بەزمىگە.
ياكى خۇشتار ئۇندا « قەشقىرى »،
سەن توقۇغان ئوتلۇق نەزمىگە.

جەننەت ئىچرە چىقىقاندۇ چۇقان،
بىزگە لازىم قېنى « مەئانى ».

ئەزرائىلنى ئەۋەتىپ تەڭرى،
« ئېپكېلىنسۇن! » دېگەن «ناۋايى».

كەتكەندى يېنىڭغا ئاخشام،
يۈرىكىنى ئېلىپ « تەجەللى ».
شۇ يۈرەكتە ئوتلۇق شېئىرلار،
ئۇنى سەنمۇ كۆرگەنسەن بەلكى.

يۈرۈپ كەتتى سەن تامان بابا،
ئىشىكنى ئېتىپ « تېيىپجان ».
ئۇندەپ قويغىن ئەگەر زېرىكسەڭ،
ناخشىسى بار « تۈگىمەيدىغان ».

« ئۆلدى » دەيدۇ سېنى بەزىلەر،
كەتتىڭمۇ سەن راستىنلا ئۆلۈپ.
ئىشەنمەيمەن « ئۆلدى » دېگەنگە،
ئىجادلىرىڭ تۇرغاچقا كۈلۈپ.

## سۆيگۈدۈر ياشناتقىن بۇ دۇنيانى

يارىلىش سۆيگۈ بىلەن ، يارىتىشمۇ،
يارالغان - ياراتقانمۇ ئاڭا تەشنا.
سۆيگۈدىن ئىلىپ بارار سوغۇق قىشمۇ،
پېقىرمۇ شۇ سۆيگۈگە دىلدىن ئاشنا.

× ×

سۆيگۈدىن تۇغۇلىدۇ ياخشى خىيال،
سۆيگۈدۇر چاقناتقىنى يۇلتۇزلارنى.
سۆيگۈدىن تېپىلىدۇ جىمى ئامال،
سۆيگۈدۇر ياشناتقىنى بۇ دۇنيانى.

سۆيگۈدىن پۈتتى ئەنە قانچە كىتاب،
سۆيگۈدىن ئاقار دەريا يەر قۇچاقلاپ.

سۆيگۈدىن شىپا تاپتى كۆرمىگ بېتاپ،
سۆيگۈ ئۇ «نوھ» كېمىسىن قالغان ساقلاپ.

سۆيگۈ دەپ چۈشتى يامغۇر قىزىق قۇمغا،
سۆيگۈ دەپ ئاقار قۇياش مەغرىب تامان.
چىن سۆيگۈ سېتىلمايدۇ مىليون سومغا،
بۇ دۇنيا سۆيگۈ بىلەن گۈزەل ھامان.

× ×

يارىلىش سۆيگۈ بىلەن، يارىتىشمۇ،
يارالغان - ياراتقانمۇ ئاڭا تەشنا.
سۆيگۈدىن ئىلىپ بارار سوغۇق قىشمۇ،
پېقىرمۇ شۇ سۆيگۈگە دىلدىن ئاشنا،

## ئىنتىلىش

يۈكسەكلىك تالاشتى زېمىندىن ، تاغلار،
«ھەممىدىن مەن ئېگىز» دېدى كۆرەڭلەپ.

يۈكسەكلىك تالاشتى بىر ئىمجان قۇرت،
«ئېگىز» تاغ ئۈستىگە چىقتى ئۆمىلەپ.

# ھەرپ تىزىپ كېلەر بىر ئارمان

ئابدۇشۇكۇر راشىدىن

## غالىب چۈش

سۇبھىلەرنىڭ ئىللىق قوينىدا
مەن ئەندىكىپ كەتمەي ئويغىنىپ
كۆز يېشىڭنى تۆكمىگىن ئانا،
گەر جۆيلىسەم قىلدەك تولغىنىپ.

مەن چۈشۈمدىن تاپارمەن بەخت،
يا تاپالماي دەرمەن ئاھ! ئېسىت.

كۈلۈمسىرەپ قالسام چۈشۈمدە،
سۆيۈپ قويغىن ئانا يۈز يېقىپ.

چۈشەنمەيدۇ سۆيگەن دىلبىرىم،
يۈرسەممۇ گەر ئىشقىدا كۆيۈپ.
كىملەرمىكىن ياكى بىر كۈنى
سۆيۈپ قويۇڭ دېگەنچە كۈلۈپ،

## ئوخشىمايدۇ نېچۈن كۆيۈشلەر

ھارغىنلىقتا ئېغىر قەدەم ئېپ،
ئولتۇرغاندا تاغ باغرىغا كۈن.
شەپەقلەرنى جاھاننەما قىپ،
بوسۇغامدا چېچىن تارار تۈن.

بوسۇغامدا چېچىن تارار تۈن،
ھەم دىلىمدىن تىلەيدۇ پاناھ.

مەن بىرسىنىڭ ئىشقىدا كۆيدۈم،
ئۆكسىلەرگە كۆيدىكىن ئىلاھ؟!

ئۆكسىلەرگە كۆيدىكىن ئىلاھ،
مېنىڭ شۇنى بىلىپ باققىم بار،
ئوخشىمايدۇ نېچۈن كۆيۈشلەر؟
يۈرەكلەرنى يېرىپ باققىم بار.

## گۇناھسىز قاتىل

قەلبىمنى يۇتتۇرغەن شائىر،
تۈن نىسپىدە يىغلايدۇ ئۆكسۈپ.
تېپىۋالغان ئۇماق بىر بالا،
ئوينىماقتا قەلەمنى شۈمۈپ.

ئۇ بىلمەيدۇ، ھېچمۇ قىلمايدۇ،
چەيلىۋېتەر ھەتتا قەلەمنى.
ئەپسۇس بالا گۇناھسىز قاتىل،
شائىر ئۆلەر يۇتۇپ ئەلەمنى.

## كىملەر مېنىڭ ياستۇقۇمغا تۆكتى ياش

چىقىپ كەتتى سەھەردىلا ئويغىنىپ،
شېئىرىمنىڭ مىسرالىرى سەيلىگە.
تەئەججۇپمەن قالارمۇ دەپ ئېزىقىپ،
شۇ سۆيۈملۈك يارىم تۇرغان مەھەللىدە.

بۇلاقلاردەك ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلايمەن،
كېلەلمىسە شېئىرلىرىم كەچكىچە.

جىلە بولۇپ ئاچچىق ئازاب يۇتارمەن،
خىيال قىلىپ كۆزگە ئۇيقۇ يەتكىچە.

يىراقلاردىن ئاڭلانغاندەك تىۋىشلار،
كۆزنەكلەردىن يىراقلارغا قارارمەن.
يوللار تامان يارىم كۈلۈپ كەلگەندەك،
مەن ئالدىغا خۇشاللىقىمدىن بارارمەن.

چىققىندا يالغان بولۇپھەممىسى،
بېشىم چۈشۈپ كۆلبەم تامان يانارمەن.
كېلەر دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۇخلىماي،
تۈن كېچىچە ۋاسا ساناپ چىقارمەن.

قاچانلاردا ئۈيقۇ بېسىپ ئۇخلىدىم،
كىملەر ماڭا يېپىپ قويدى ئۈستىباش.
شېئىرلىرىم قاچان كەلدىڭ دېگىنە؟
كىملەر مېنىڭ ياستۇقۇمغا توكتى ياش؟...

# ئىككى شېئىر

**رەھىم ئابلىز**

## ئىلچىمدا كۆرگەنلىرىم

كىچىكىمدە ئاڭلىغانتىم يۇرۇڭقاشنىڭ نامىنى،
كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ باردى ئۇنى كۆرۈش ئارمىنى.
ئىشقا ئېشىپ بۈگۈن مانا كۈتكەن ئارزۇ تىلەكلەر،
يېقىپ قالدى خوتەنلىكنىڭ ماڭا ئىللىق سالىمى.
چوڭ بازاركەن ئىلچى دېگەن خۇددى ئادەم دېڭىزى،
يېدىم تېخى نەچچە نۆۋەت ئۇنىڭ تۇزى ـ تامىنى.
ئادەملىرى سىپىلىق ئىكەن سىپايە ھەم ئەدەبلىك،
چېۋەر قىزلار توقۇيدىكەن گىلەم، ئەتلەس، شايىنى.
سودىگەرلەر، ستىنقچىلار سانايدىكەن بىرنى ـ بىر،
ياندۇرماسكەن باھا قوشۇپ خېرىدارنىڭ رايىنى.
كىشلەرنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭرى ئىكەن مېھمان دوست،
ئايىماسكەن مېھمان ئۈچۈن تاپقىنىنى — بارىنى.
نەگە بارسام، نەدە تۇرسام ئېسىل خىسلەت كۆپ ئىكەن،
ئارىلىدىم گۇما، قاراقاش، لوپ، چىرانى — ناھىيىنى.
تۇرغان ۋاقتىم ئاز بولسىمۇ كۆرگەنلىرىم كۆپ بولدى،
خالايىققا ئېيتاي بۈگۈن كۆرگىنىمنىڭ بارىنى.

## خوتەن دېگەن مەرىپەتنىڭ قۇچىقىكەن

خوتەن دېگەن مەرىپەتنىڭ قۇچىقىكەن،
ئىلىم ئەھلى شائىرلارنىڭ ئۇچىقىكەن.
قەۋەت ـ قەۋەت بىلىم يۇرتى — مەكتەپلىرى،
كۆردۈم دېمەك: بۇ يۇرت بىلىم بۇلىقىكەن.
كېرەم ئىمىن، قاسىم ئىمىن مەكتەپسايتۇ،
ئۇلار چاچقان مەرىپەتنىڭ ئۇرۇقىكەن.
دورىگەرلىك، تىبابەتتە تەڭدىشى يوق،
يۇرت ئىكەن بۇ ـ ھەممە يۇرتنىڭ ئۇلۇغىكەن.
سۇلايمان ھەم سودىيەلەر يۇرۇڭقاشنىڭ،
ھارمايدىغان شوخ كۈيچىسى — بۇلبۇلىكەن.

## يېزا ئاخشىمى

**ھوشۇر ئەمەت**

گويا ئوتقاشتەك قىزاردى شەپەق،
باغلار كەينىگە مۆككەندە قۇياش.
گۆگۈم قوينىغا چۆمۈلگەندىمۇ،
يەنىلا ئۇندا گۈزەللىك يولداش.

ئەنە ئاي كۆكتە تۇرار ھاك قېتىپ،
«يۇلتۇزلار يەرگە كۆچتىمۇ نىمە؟»
يېڭى يېزىنىڭ چىراغلىرى ئۇ،
يۇلتۇزلار يەرگە كۆچۈپتۇ دېمە.

كۈمۈش لېنتىدەك ئېرىق - ئۆستەڭلەر،
بەجايىكى ساپ كەۋسەر ئاقىدۇ.
رۇجەك ئورنىدا ئەينەك دېرىزە،
پاراۋان ئۆيلەر كۆزنى چاقىدۇ.

خاماندا ياڭرار ئۇنئالغۇ ئۈنى،
بېدىش ئاستىدا تېلېۋىزور كۈيى.
مال-ۋاران سېمىز ، داستىخان ئەلۋەك،
چوغدەك بېزەلگەن دېھقانىنىڭ ئۆيى.

بىراۋ خۇشچىراي سىپايدۇ ساقال،
موماي نەۋرىلىرىنى ئەركىلىتىدۇ.
قىز - يىگىتلەرنىڭ چېھرىدە كۈلكە،
بەختىيار مۇھەببەت ئەكس ئېتىدۇ.

× ×

شۇنداق مەدەنىي يېزا دېگەن شۇ،
قوينى بەركەتلىك نېمىتى سېخى.
دېمەك بۇ ئىشنىڭ مۇقەددىمىسى،
پارلاق ئىستىقبال ئالدىدا تېخى.

## نۇر تەپتىڭدىن

**ئازاد ئابدۇللا**

لەۋلىرىڭدىن بېرىسەن دەرمان،
كۆزلىرىمگە كۈي قوشۇپ جانان.
بىر بېقىشى ئاھۇ كۆزۈڭنىڭ —
ياقار دىلغا قۇياشتەك گۇلخان.

ياقار دىلغا قۇياشتەك گۇلخان،
بەخش ئېتىپ ئالەمچە ئارمان.
پاك دىلىڭدىن سۆيگۈ يالقۇنى،
ئاي يۇلتۇزۇم ، مەشئىلىم ھامان.

ئاي يۇلتۇزۇم، مەشئىلىم ھامان،
نۇر تەپتىڭدىن شەپەق رەڭ ئاسمان.
شۇڭا ھەر چاغ كائىنات گۈزەل،
كۈيلىرىمدىن زوق ئالغان جاھان.

كۈيلىرىمدىن زوق ئالغان جاھان،
يار بويىنىڭدا چاقنىغان مارجان،
ئەلمىساقتىن سەنسىز ئاي زۆھرا،
بولغان گۈزەل كائىنات قاچان ؟!

◁………………………▷

## كۈنلىمەيمەن كۈندىن يار سېنى

( بىر شائىرغا تەقلىد )

**ئەخمەتجان تۇرۇپ**

كۈنلىمەيمەن كۈندىن يار سېنى،
نۇرغا تەشنا بولغىنىڭ ئەۋزەل.
پاك دىللاردا غۇنچىلىغان ئوي،
چېچەكلىگەچ نۇر بىلەن تۈگەل.

مەڭزىڭدىكى ئانارىڭمۇ ھەم،
بولالايدۇ نۇر بىلەنلا مەي.
باغاش ئەتكىن كۈننى بىر ئۆمۈر،
مەن ياشايمەن زىنھار كۈنلىمەي.



# ھەر كىمنىڭ ئۆز ئۆلۈكى بار

(ھېكايە)



غوجىئابدۇللا ناسىر

... ئالتۇن يېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى.

— خەلق قوشىقى

1

كۆز تەگدىمىكىن ـ تاڭ، ئۇلارنىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىق تارىخى بىر يىلدىن بېرى چورتلا ئۈزۈلۈپ قالدى. ئېنىقىنى ئېيتساق ئۇنى ھېزىمئاخۇن ئۈزۈپ قويدى. ھېيت نامىزى كۈنى مەسچىت ئالدىدا جاپپار ئاخۇننىڭ ھېزىمئاخۇنغا ئۇزاتقان قولى ھاۋادا لەيلەپ قالدى. شۇندىن كېيىن ئۇلار يولدا سالام قىلىشمىدى، ئادەمگەرچىلىكلىرىدە كىرىپ ـ چىقىشمىدى، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشمىدى.

قوشنىلارنىڭ ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان تالاي ئۇرۇنۇشلىرى، ئىمامنىڭ «ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە ئۈچ كۈن ئاداۋەت ساقلىسا ئىمانىغا دەخلى يېتىدۇ» دېگەن پەتىۋالىرىمۇ بىكارغا كەتتى. ئۇلار ئارىسىدا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ھېچقانداق بىر ئادەم بىلەلمىدى. ھەر ئىككىسى «ھېچ ئىش يوق، ئەتە گەپلىشەيلى» دېدى ـ يۇ، بىراق يەنە ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىشتى.

مەھەللە گەپچىلىرى تۈرلۈك مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزۈپ بېقىشىپ، ئاخىرى «جاپپار ئاخۇن ئوقۇۋزى ئېگىزلىك قىلىپ ھېزىمئاخۇننىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەن بولسا كېرەك» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى. سىر ئۆز پېتى قالدى، كىشىلەر بۇ ئىشنى قايتا تىلغا ئالمايدىغان بولۇشتى.

× ×

جاپپار ئاخۇن يېگىدىن قەد كۆتۈرگەن

كاتتا باي. ئېغىل-ئېغىلدا بورداق قوي-
كالىلىرى، چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىدا خې-
رىدارلىق دۇكىنى، مۇنبەت، سۈيى راۋان
ھۆددە يەرلىرى، توختىماستىن يانچۇقىنى
توشقۇزىدىغان يېپيېڭى «شەرق شامىلى»
ماركىلىق ئاپتوموبىلى بار نامدار كىشى.
ئەللىكلەرگە يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ،
قان تەپچىپ تۇرىدىغان قىپقىزىل
مەڭزى، كۆتىمەك، قاپقارا ساقال-بۇرۇت-
لىرى ئۇنى قىران يىگىتتەك كۆرسىتىدۇ.
ئۇ مەسچىت-خانىقالارغا، مەكتەپلەرگە،
يېتىم-يېسىرلارغا، نامرات-ياشانغان-
لارغا پات-پات ھىممەت كۆرسىتىپ تۇ-
رىدۇ. شۇڭا ئۇ، ھۆكۈمەتتىمۇ، موللا-ئا-
خۇنلارغىمۇ، غېرىب-ئاجىزلارغىمۇ يا-
راپ قالغان ئەتىۋارلىق ئادەم.

ھېزىمئاخۇن ئۇنىڭ ئەكسىچە، مۇھتاج-
لىق ئۇنى بالدۇرلا قېرى سىياقىغا كىرگۈ-
زۈپ قويغان. ئۇ ئەمدىلا ئوتتۇز ئالتە
ياشقا كىرگىنىگە قارىماي ئەللىكلەردە
كۆرۈنىدۇ. ئورۇق، ئېگىز گەۋدىسى سەل
مۆكچەيگەندەك، ئاپتاپتا قارايغان قول-
پۇتلىرىدا سۆڭەكلا بار. شۇنداق بولۇ-
شىغا قارىماي ئۇ، شۇنچىلىك بەردەم،
مەزمۇت. قولىغا كەتمەننى بىر ئېلىۋالسا،
ھېرىشنى بىلمەي چاپىدۇ. ئېتىز ئىشىدا
ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشەلەيدىغانلار يوق.

ھېزىمئاخۇننىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ئار-
زۇ ئارمانلىرى، خۇشاللىقلىرى، دەرد-
ئەلەمى بار. ئۇمۇ جاپپار ئاخۇنغا ئوخ-
شاش باي بولۇشنى بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ
ئېشىپ كېتىشنى ئويلايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ
يۈكى ئېغىر. ئۇ قانچە كۈچەپ ئالغا ئىن-
تىلسىمۇ، تارتىۋاتقان يۈك ئۇنى قەدەمدە
بىر پۇتلاپ يىقىلدۇرىدۇ، دولىنى يېغىر
قىلىدۇ، بېلىكىنى ۋۇرۇتىدۇ. كۈچلۈك قې-
رىنداشلىق مېھرى-مۇھەببەت، ئاتىلىق
بۇرچ ئۇنى يەنىلا ئورنىدىن تۇرغۇزىدۇ.
چۈنكى ئاتا-ئانىسىدىن كىچىكلا يېتىم
قالغان ئۈچ ئۇكىسىنىڭ، ئوماق ئىككى
بالىسىنىڭ ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن باققان
كۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈچ. بۇ كۆزلەر
ئۇنىڭ ھاردۇق يەتكەن ئايىغلىرىغا تو-
گىمەس كۈچ-مادار بېغىشلايدۇ.

ھېزىمئاخۇننىڭ ئۆيى جاپپارلارنىڭ
ئۆيىنىڭ كۆركىنى تېخىمۇ ئاشۇرماقچى بول-
غاندەك ئۇنىڭ يان تەرىپىدە مۈكچىيىپ
ياتىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىمۇ،
يېمەك-ئىچمەكلىرىمۇ روشەن سېلىش-
تۇرما. ئەمما بۇ ئائىلىلەردە بىرلا ئوخ-
شاشلىق بار. ھەر ئىككىلىسى مۇشۇ كۈن-
لىرىگە خوش. جاپپار ئاخۇن بېيىغىنىغا،
ھېزىمئاخۇن تېرىغىنىغا، ئۆزى ئىگە بولا-
لىغىنىغا خوش. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرق
شۇنچە چوڭ بولسىمۇ، يەنە كېلىپ ھەر
كۈنى كۆزگە كۆرۈنۈپ، بىلىنىپلا تۇرسى-
مۇ، ھېزىمئاخۇن قوشنىسىغا بىرەر قېتىم-
مۇ ھەسەت نەزىرىنى تىكىپ باققىنى يوق.
«جاھاندا بىزدەك دېھقان خەقنىڭ بې-
رەرسى بولسىمۇ راھەتتە ياشىسۇن» دەپ
ئويلايتتى ئۇ.

ئەمما مۇشۇنداق قانائەتچان ئىككى
قوشنا گويا كۆز تەگكەندەك بىر يىلدىن
بىرى گەپلەشمەي يۈرەتتى.

2

بۇ يىل يامغۇر تولىمۇ ئاز يېغىپ، ھا-
ۋامۇ ئانچە ئىسسىمىغاچقا، دەرياغا كەل-
كۈن كەلمىدى. شۇڭا سۇ دېسە باشلىقتىن
تارتىپ پۇقراغىچە جان بەرگۈدەك ھالغا
يېتىشتى. بۇغدايىنىڭ دان سۈيى يىللار-
دىكىدىن تولۇق بىر يېرىم ھەپتە كېچى-
كىپ كەلدى. «سۇ كېلىدىكەن» دېگەنگەپ
چىققاندىن بۇيان مەھەللىدىكىلەرنىڭ
ھەممىسى ئېتىز بېشىغا بېرىۋېلىشقانىدى.

ھېزىمئاخۇننىڭ يېرى ھەممىنىڭ ئايى-
غىدا بولغاچقا، سۇنى ئەنە توختىدىكەن
مانا توختىدىكەن، دېگەن ۋاقىتتا كەلدى.
ئۇ جىددىيلىشىپ قالدى. سۇ ئۇنىڭغا بار-
غانچە ئازلاپ كېتىۋاتقاندەك، ھېلىلا توخ-

تاپ قالىدىغانىدەك بىلىنمەكتە ئىدى.

ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان ئىدى. ئۇماق
كەنجى ئوغلى دوختۇرخانىدا ھېلى سوۋۇپ،
ھېلى قىزىپ، ئاللىنېمىلەرنى دەپ جۆيـ
لۈپ ياتاتتى. ئۆزىدىن باشقا ھەممەيلەن
شۇ يەردە ئىدى. ئۇ ئەتىگەننىڭياغى سۇ-
غا قاراپ بالىنىڭ يېنىغىمۇ چىقىپ كې-
رەلمىگەنىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى،
تۇرۇپ - تۇرۇپ كۆڭلىگە ئالىقانداق خى-
ياللار كېلىۋالاتتى. بالىسىنىڭ ئېگىكىنى
تېڭىپ، ھازا ئېچىپ ئېلىپ كىرىدىغانىدەك
شۇبھە ئۇنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىۋېتەتتى.
تۇرۇپلا قولىقىغا ئۆي تەرەپتىن يىغا -
زارە ئاڭلانغانىدەك بولاتتى. ئۇ ئۆزخىيال-
لىرىدىن چۆچۈيتتى، شۈركىنەتتى. ئۆزى
بىلىدىغان ئايەتلىرىنى چالا قويماي ئو-
قۇپ، خۇدادىن بالىسىغا سەھەتلىك تى-
لەيتتى.

قىرىشقانىدەك سۇمۇ ئۇنىڭ ئېتىزىغا نا-
ھايىتى ھورۇنلۇق بىلەن ئاقماقتا ئىدى.
ئۇ «يار ئالدىمىكىن» دېگەن گۇمان بىلەن
قول چىراغ يورۇقىدا ئۇياق - بۇياققا
سىنچىلاپ قارايتتى. ئاھ شور پېشانىلىك،
سۇ ئىشقىلىپ ھورۇنلۇق بىلەن ئاقسىمۇ
ئېقىپلا تۇرسا بولاتتىغۇ!؟ ئەمما ئۇ ئا-
خىرى قىلغۇلۇقنى قىلدى: ئەمدىلا ئىككى
ئېتىز سۇغىرىلغانىدا توختاپ قالدى، ئۇ-
نىڭ قەلبى ئەلەمگە تولدى. قولىدىكى زاغ-
را سۇغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگىلا تە-
تۈر كېلىۋاتقان قىسمەتنى تۈنجى قېتىم
قاغىدى ....

ئۇ سۇنىڭ يېنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ
ئېچىقنى چالا - پۇلا ياندۇردى - دە، ئې-
رىق بويلاپ باشقا ماڭدى. ما كارامەتنى
كۆرۈڭ: جاپپارنىڭ تاۋۇزلىقىغا كەلگەندە
ئۇنىڭ تومۇرىدىكى بارلىق قان مېڭىسى-
گە تەپتى. ئېرىق باغلانغان، سۇ لۆمۈلدەپ
تاۋۇزلۇققا ئاقماقتا ئىدى. ئۇ بارلىق ئاچ-
چىقىنى، غەزىپىنى قولىغا يىغىپ كەتمەن-
نى ئېگىز كۆتۈرۈپ بار كۈچى بىلەن تۇغ-
قا سالدى. چىڭقىلىپ تۇرغان سۇ گۈركىرەپ
پولتۇگۈشتىپ لاي يىقىتىپ ئاقتى. ئۇ پۇ-
خادىن چىققانىدەك چوڭ بىر تىندى. ئەم-
دىلا ئارقىغا يانماي دېيىشىگە تاۋۇزلۇقتىن
كەتمەن كۆتۈرگەن بىرى ئېغىزىنى بۇزغان
پېتى يۈگۈرۈپ چىقىپ كەلدى:

— ھۇ توخۇ پوقى، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟!

ھېزىمئاخۇن ئۇنىڭ ئاۋازىدىنلا تونىدى،
ئۇ جاپپارنىڭ ئىشلەمچىسى ئىدى.

— ئۇكام، ئاغزىڭغا بېقىپراق سۆزلە.
بۇغدىيىمنى چالاقويۇپ، تاۋۇزلۇقۇڭغا باش-
لىۋالساڭمۇ جىم قاراپ تۇرسام بولامتى-
ئەمەسە؟ - ئۇ ئۆزىدىن كىچىك ئادەم بى-
لەن گەپ تالىشىشنى خالىماي، ئاچچىقىنى
زورىغا بېسىۋالغانىدى.

— ھۇ قىزىلكۆز قەلەندەر، كىمسەندەك
چىدىماسىنىڭ ئۇكىسىكەن، تۆت تال بۇغدى-
يىڭنى دەپ شۇنچە كۆپ تاۋۇز قۇرۇپ كەت-
سۇنمۇ؟ كۆزىڭمۇ ئېغىزىڭدىن شالا ئېقى-
تىپ، شالاپلىتىپ يەرسەن تاۋۇزنى؟ پى-
لەكلەرنىڭ سولىشىپ كەتكىنىنى كۆرمى-
دىڭمۇ قارىغۇ؟

ھېزىمئاخۇن ھېچقاچان جاپپارنىڭ بىر
نېمىسىدىن تاماقىلىپ باقمىغان، خەيرى-
ئېھسانلىرىغىمۇ قول سوزۇپ ياكى قوبۇل قى-
لىپ باققان ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ
ئىززەت - نەپسى، سەۋرى - تاقىتى ئۈستى-
دىن غالىب كەلدى:

— ھوي، يۇندە يالايدىغان لالما، نې-
مە يوغان سۆزلەپ كېتىسەن؟ تەشكىلنىڭ
بۇغدايدىن باشقىنى سۇغىرىشقا بولمايدۇ،
دېگىنىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ غالچا؟

— بۇنداق گەپلىرىڭنى ئاناڭغا سۆز-
لەپ بەر، - ئىشلەمچى ئېتىلىپ كەلگەنچە
ھېزىمئاخۇنغا مۇشت ئاتتى. ھېزىمئاخۇنگەۋ-

دىسىنى يانغا شارتلا بۇراپ مۇشتنى ئۆتـ
كۈزۈۋەتتى. تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ئىشـ
لەمچى ئۆزىنى توختىتىپ ئالالماي، ئېـ
رىقتىكى لاي سۇغا موللاقلىدى. ئۇ ئورنىـ
دىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىدىكى سۇنى ئالـ
قانلىرى بىلەن سىيرىپ چۈشۈرگىچە، هېـ
زىمئاخـۇن ئىككى قولىنى بېلىگـە تىرەپ
قاراپ تۇردى. مۇشتـمۇ ياندۇرمىدى، ئىشـ
لەمچىنى قايتا مۇشت كۆتۈرەر دەپمۇ ئويـ
لىمىدى. بىخۇتلۇق هامان ئادەمگە بالا -
قازا ئېلىپ كېلىدۇ. هازىرمۇ دەل شۇنداق
بولدى. هېزىمئاخۇن كۆكسىگە كېلىشتۈرۈپ
بىر مۇشت يەپ كەينىگە سەنتۈرۈلدى، تاـ
ۋۇزلۇقنىڭ چۆنەكلىرىگە پۇتلىشىپ، ئارـ
قىچە ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ ئەمدىلا ئـورنىـ
دىن تۇرۇۋېدى، ئىشلەمچىنىڭ ئـالدىدىلا
مۇشتلىرىنى چامباشچىلاردەك تۈگۈپ،چاـ
تىراقلىرىنى كېرىپ، ھەيۋەت بىلەن تۇرـ
غانلىقىنى كۆردى. ئىشلەمچى ئەمدى ئۇـ
نىڭغا ئۆزىنىڭ ماهارىتىنى تولۇقى بىلەن
كۆرسىتىپ قويماقچىدەك قىلاتتى. هېزىمـ
ئاخۇننىڭمۇ ئەمدى غەزىپى ئۆرلىدى.«دىبارـ
چە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ،قاپ كـۆتۈرۈپ
نەگە باراي» دېگەندەك، قىلغۇلۇقنـى ئۆـ
زى قىلىپ بولۇپ يەنە بـولدى قىلغۇسى
كەلمەمدۇ بۇ نائىنسابنىڭ؟»
هېزىمئاخۇن چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى
رۇسـلاپ، ئـېتـىلـىپلا بېرىپ، ئىشلەمـ
چـىنـىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ، چـا پۇتلاپ
ئېرىققا يىقىتتى. شـۇ ئـارىلىقتا ئـۆزىمۇ
قورسىقىغا كېلىشتۈرۈپ بىر مـۇشت يەپ
ئۈلگۈردى. ئـەمما ئىشـلەمچى تـاياقنىڭ
تـەمىنى بـولدى دېگۈچە تېتىپ كۆردى.
ئىشلەمـچى هـاسىرايـتتى، ئىنجىقلايتتى،
شۇنداقتىمۇ يىڭىلگىنىگە تـەن بـەرگۈسى
كەلمەي هېزىمئاخۇنغا ئېتىلاتتى. دەل شۇ

پەيتتە ئىشلەمچىنىڭ يەنە بـىر هەمراهى
كېلىپقالدى. دىققەتسىز تۇرغان هېزىمئاخۇنـ
نىڭ بېلىگە كەتمىنى بىلەن بىرنى سالدى،
هېزىمئاخۇننىڭ تىزلىرى پۈكۈلۈپ ئاخىرـ
دا يىقىـلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تېپىلىك،
مۇشت دېگەننى بولدى دېگۈچە يېدى.
ئۇ ئېرىقنىڭ ئۇ قېتىدىكى سۈيى ئەمـ
دىلەتـىن سىڭىـپ بـولغان بـۇغدايلىقتا
هوشسىز دېگۈدەك ياتاتتى. ئەمما ئۇ جاپـ
پار ئاخۇننىڭمۇنۇ گېپىنى گويا يەرتېگىـ
دىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلىدى:
ــ هەي نان قېپلار،نېمە هاڭۋېقـىپ
تـۇرۇشىسەن؟ بـاغـلاش ئـېـرىقـمىنـى!
هـېزىمئاخۇن بـىـر هازادىن كېيىن ئىنـ
جىقلاپ، ئاران ئورنىدىن تۇردى. تاۋۇزـ
لۇقنىڭ چـۆنەكلىرى لىـپمـۇ لىق سـۇغا
تولغان، ئېرىقتا سۇ تـوختىغانـىدى. ئـۇ
مىڭ تەسلىكتەسىيلاشتۇرۇپ يۈرۈپ، كەتـ
مىنىنى ئېرىقتىكى توختامسۇ ئىچىدىن تاپـ
تى. نەچچە يەردە يىقىلىپ - قوپۇپ بۇغـ
دايلىققا كەلدى: جاپپارلار قويـۇپ بەرـ
گەن چىڭقالدى سۇ باياتـىن سـۇغىرىپ
بولغان ئېتىزلارغا كىرىپ يولنىڭ ياقىـ
سىدىكى ئـورمانلىققا يـار ئالغان، بـۇغـ
دايلارنى ياتقۇزۇپ نابۇت قىـلغانىدى.
ئۇ يەنە كەلگەن يولى بىلەن ئـارقىسىغا
قايتتى: تاۋۇزلارنىڭ يۇمران ياپراقلىرى
يىنىك شامالدا گويا نـاخشا ئېيتىۋاتقانـ
دەك شىلدىرلايتتى، ئىچ سىرنى تۆكۈۋاتـ
قاندەك شىۋىرلايتتى. چۆنەكلەرگە تولۇپ
كەتكەن سۇ بېتىدە غۇۋا يورۇقلۇق جىمىرـ
لايتتى.
تاۋۇزلار يايرىدى، بۇغدايلار تـۈگەشـ
تى. دان سۈيىگە قانمىغان بۇغداي هـەرـ
گـىزمۇ مـول هـوسـۇل بـەرمـەيدۇ.
ئۇنى ئاز دېگەنـدەك تېخـى باياتـىنـلا

سۇغىرىلغان ئىككى ئېتىز بۇغداي يېتىپ كەتتى، ئۇ ئەمدى سېسىپ تۆكۈلمىشىدۇ، ھەتتا سامانمۇ چىقمايدۇ. ئېتىزدىن چىقىدىغان بۇغداي دېھقان بېجى بىلەن غەللە - پاراقا يارىسا چوڭ گەپ. ھېزىمئاخۇن ئۆزىگە قاراشلىق ئالتە جاننى ئەمدى نېمە بىلەن باقىدۇ؟!

ئويلىغانچە ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ، قانداقتۇر بىر ئۈمىدسىزلىك قەلبىنى مۇجۇشقا باشلىدى: «ھەي جاپپار، مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان شۇنچە. دەسلەپتە ماڭا تەقسىملەپ بېرىلگەن، سۈيى ئەن مۇشۇ يېرىمنى باشلىقلارنى غىدىقلاپ يۇرۇپ، سۇ چىقمايدىغان، نۆۋەت ھەممىدىن كېيىن كېلىدىغان دۆڭ يېرىگە تېگىشىۋالغاندا، غىڭ قىلىپ قويىدۇممۇ؟ كۆكتات يەرنىڭ پاسىلىنى بىر قەدەم سۈرۈۋالغىنىڭدا، سېنىڭ ئۈستۈڭدىن بىراۋغا دادلىدىممۇ؟ سەن ئۆزۈڭچە مېنى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، خالىغانچە بوزەك قىلىمەن دەپ ئويلامسەن؟ مېنىڭ بارلىق رىسقىنېسىۋەمنى مەندىن تارتىۋالماقچى، ئۇنى بۇلىماقچى بولامسەن؟!»

ئۇنىڭ خىيالىدىن بىر يىل ئاۋۋالقى ئىش — جاپپار بىلەن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۆزۈشكە سەۋەب بولغان ھېلىقى ئىش لىپ قىلىپ ئۆتتى.

ئۇ كۈنى ھېزىمئاخۇننىڭ ئايالى سەلىمىخان جاپپارلارنىڭ ئۆيىگە نان يېقىشىپ بەرگەچ، ئۆزىمۇ بىر داس خېمىرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەنىدى. ھېزىمئاخۇن بالىلارغا قارىغاچ ئۆيىنىڭ پارچەپۇرات ئىشلىرىنى تۈگەتتى. قوچاقتىكى بالىسىنى ئىككى قېتىم بۆشۈككە بۆلەپ، ئىككى قېتىم يەشتى. ئەمما بالا ئانا ھىدىنى سېغىنغان بولسا كېرەك، بىرغىلداپ يىغلاپ ھېچ ئارام بەرمىدى. بالىنىڭ يىغىسىغا تاقەت قىلالمىغان ھېزىمئاخۇن ئۇنى چۈشۈكىگە يۆگەپ كۆتەردىدە، ئايالىنىڭ يېنىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن باغ ئىشىكى تەرەپكە ماڭدى. قىزىق، بالىنىڭ ئارام بەرمەيۋاتقان يىغىسى سىرتقا چىقىپلا توختىدى. ئۇ ئەمدى ئايالىنىڭ يېنىغا چىقىشتىن يالتايدىدە، شۇ يەردە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ بالىنى پەپىلىدى. ئەتراپ قازاندەك قاپقارا ئىدى، «شۇچاغقىچە يېقىپ بولالمايدىغان نېمانچە جىق ناندىكى ئۇ».

خەيرىيەت، باغ ئىچىدىن غازاڭلارنى پىرىسلىتىپ دەسسەپ كېلىۋاتقان يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، كېيىن ئۇنىڭغا ئالدىراپ ماڭغان يەنە بىر تىۋىش قوشۇلدى.

— سەلىمىخان، توختاپ تۇرۇڭە، — پىچىرلاپ دېگۈدەك چىققان بۇ ئاۋازدىن ھېزىمئاخۇن جاپپار ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.

— نېمە گەپ ئىدى جاپپار ئاكا، — بۇ سەلىمىخاننىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ۋۇي، ئاستىراق گەپ قىلىڭ، ماڭا قاراڭ، كونىلاردا قوشنا ھەققى دەيدىغان گەپ بارغۇ. مەن...

گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىغىلى بولماي قالدى.

— ئادەمدەك گەپ قىلىڭە جاپپار ئاكا، ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ يا؟

— شۇ... ئەمدى... سىزنىڭ ئۈنىڭىزدا...

ھېزىمئاخۇننىڭ بېشى پىررىدە قىلىپ قالدى. ئۇ ئالغا بىر قەدەم داجىپ بولغان قەدىمىنى زورىغا توختىتىۋالدى. « سەن ئايالىمغا بىكارغا يەۋەتكۈدەك قارىمايدىكەنسەن - دە، توختا، سەن رەسۋالار

يەنە نېمىلەرنى دېيىشىسەنكىن ؟! نېمىلەرنى قىلىشىسەنكىن ؟ !»

— قانداق سارالڭ پوق ساقالكى ماۋۇ، ئۆتەپ بېرىڭا نېرى !

— ئۇنداق قىلماڭ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، بۇگۈنچە بىرنى سۆيۈپ قويۇڭ ئەمىسە !

دەل شۇ چاغدا بىر نەمە داراڭشىپ كەتتى. شەپىدىن چۆچىگەن بالا يىغلاپ تاشلىدى، ھېزىمئاخۇن باغقا ئېتىلدى. سەلىمىخان يەرگە چېچىلغان نانلارنى پالاق - پۇلۇق تەرمەكتە ئىدى.

— نېمە ئىش بولدى ؟ - ھېزىمئاخۇن ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولۇپ سورىدى.

— نان چېچىلىپ ...

— نېمىشقا ؟

— قاراڭغۇدا پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتتىم.

گەپ تۈگەش بىلەن تەڭ ئۇ سۆڭگىچىگە كىلىشتۇرۇپ بىر تېپىك يەپ، ئالدىغا موللاقلىدى.

سەلىمىخان تاياقنىڭ چالىسىنى ئۆيگە كىرگەندە يېدى. ئېرى ئۇنى ئاللىنېمىلەرنىدۇ ئىقرار قىلىشقا قىستايتتى. تېپىك، مۇشتلىرىنى ئايىماي ئىشقا سالاتتى. ئەمما سەلىمىخان نېمىنى ئىقرار قىلسۇن. باغدىكى گەپنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە دېدى. ئەمدى ئۇنىڭدا ئىقرار قىلغۇدەك يەنە نېمە بار ؟

— ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىلىمۇ مەيلى، خۇدا ئالدىدا قەسەم قىلالايمەن، مەن ئەزەلدىن پاك، نامەھرەمگە قولۇمنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزغىنىم يوق، - دېدى ئۇ ئاخىر.

— قەسەم قىلالامسەن ؟

— سىلە ئىشىنىدىغانلا بولسىلا، مىڭ قېتىم دېسىلىمۇ قىلىمەن.

— قوپ بويۇڭنى سۇغا سال پاسكىنا، شۇ چاغدا قەسەم قىلالىغىنىڭنى كۆرەي !

سەلىمىخان ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ بويىنى سۇغا سالدى. جاينامازغا كېلىپ يۈكۈنۈپ، « قۇرئان » نى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئېرىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئۈچ نۆۋەت قەسەم قىلدى:

— مەن ئېرىمگە خىيانەت قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ پاكلىقىنى بۇلغىغان بولسام، مۇشۇ ئۇلۇغ كالاموللا جېنىمنى ئالسۇن !

بىراق ھېزىمئاخۇننىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك بۇنىڭلىق بىلەن تەلتۆكۈس تۈگەپ كەتمىدى. ئۇ چۈشىنى يۇتۇۋالغاندەك غەشلىك ئىچىدە يۈردى. بۇ ئىشنى يا بىرەرسىگە دېيەلمىدى، يا ئۇنتۇپ كېتەلمىدى ...

ئويلىغانچە ئۇنىڭ ئىچى تېخىمۇ ئەلەمگە تولماقتا ئىدى: « مەن ساڭا ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدىم، يامانلىق قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىدىم، ئەكسىچە سەن ... ئادەم دېگەننىڭغۇ ئازمايدىغىنى يوق. بىراق سەن خاتا باسقان قەدەملىرىڭ ئۈچۈن بىرەر قېتىم ئەپۇ سوراپ باقتىڭمۇ ؟ تېخى باياتىن مەدىكارلىرىڭغا نېمە دەپ بۇيرۇق بەردىڭ ؟ سەندە ئىنساب، رەھىم - شەپقەت دېگەن نەرسە بارمۇ يوق ؟ ئۆزۈڭنىڭ بايلىقىڭغا ئىشىنىپ خۇدانى، ئىنسابنى ئۇنتۇساڭ، باشقىلارنى خالىغىنىڭچە ئانىسىتاپساڭ، ئۇنى خۇدا راۋا كۆرەرمۇ ؟ ! خەپ، جاپپار ! سېنى مۇشۇنداق ياۋۇزلاشتۇرغىنى ھېلىقى بالا نەپسىڭ، بۇغدايلىرىڭنى نابۇت قىلغىنى مۇشۇ تاۋۇزلىرىڭغۇ. سەنمۇ زىيانىڭ تەمىنى بىر تېتىپ كۆر.»

ئويلىغانچە ئۇ ئەسەبىيلەشتى. پۈتۈن قېنى گويا بېشىغىلا يىغىلغاندەك قىزىدى. مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلدى، ھاۋادا پۇلاڭلىدى. قەدەملىرىنى ئىنجىقلاپ ئاران يۆتكەپ، تاۋۇزلۇققا شالاپلىتىپ سۇ كېچىپ كىرىپ كەتتى.

3

ھېزىمئاخۇن ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇتتەك قىزىپ يېتىپ قالدى. توختىماي جۆيلۈدى. «ئېست بۇغدىيىم، ئېست تاۋۇزۇم، بۆرىلەر، بۆرىلەر چەيلىۋەتتى.»

كەچ كىرگەندە ئۇ بولالمايلا قالدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنى ئولاش- چولاش دوختۇرخانىغا يۆتكىدى. ئاخشىمى ئۇ سۇغا قاتتىق پىشىلغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە لاي يەردە ئۇزۇن يېتىپ قالغاچقا، كونا ئۆپكە كېسىلى قايتا قوزغالغان، تاياق زەربىسىدە ئىككى قوۋۇرغىسى زەخىملەنگەنىدى.

ئۇ دوختۇرخانىدا يېتىپمۇ ئىككى كۈن توختىماي جۆيلۈدى. ئەمما ئۇنىڭ جۆيلۈشىدىن ھېچكىم ھېچنېمىنى بىلەلمىدى.

ساق ئون كۈن بولغاندا ئۇ ئۆيىگە يېنىپ كىردى، كىرىپلا ئېتىزلىققا باردى، بۇغدايلىققا كېلىپ ھەيران قالدى. ئېتىزنىڭ يار-يېرىندىلىرى پۇختا ئېتىلگەن، بۇغدىيى تەكشى سۇغىرىلغانىدى، ئۇ ھەيران قالدى. ھەر قانچە ئويلاپمۇ سۇنى كىمنىڭ باشلاپ قويغىنىنى بىلەلمىدى. «ئېھتىمال سېكرىتار قىلغاندۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كىمنىڭمۇ كۈچى يېتەتتى سۇغا.» كېيىن ئۇ جاپپار ئاخۇننىڭ تاۋۇزلۇقىغا كەلدى، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، پۇتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ ماقىدە ئولتۇرۇپ قالدى: تاۋۇزلارنىڭ كۆپ قىسمى سولىشىپ قۇرۇپ، بېشىنى چۆنەكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئەبەدىي ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ يۈرىكى پىژژىدە ئېچىشتى، گويا ئامراق بالىسى، مېھرىبان ئاتا-ئانىسىغا ئېچىشقاندەك ئېچىشتى. كۆزىدىن بىرنەچچە تامچە ياش مەڭزىنى كۆيدۈرۈپ دومىلاپ چۈشتى.

چۆنەكلەرگە سۇ تولۇپ تۇراتتى. تاۋۇزلارنىڭ بەزى ياپراقلىرى سۇغا چىلاشقان، تاۋۇز ياپراقلىرى يېنىك شامالدا گويا ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك شىلدىرلايتتى، ئىچ سىرىنى تۆكۈۋاتقاندەك شىۋىرلايتتى، سۇ بېتىدە غۇۋا يورۇقلۇق جىمىرلايتتى...

ئۇ خىيال سۈرگىنىنى ياكى چۈش كۆرگىنىنى بىلەلمىدى. بارمىقىنى چىشلىدى، ئاغرىدى. دېمەك بۇ ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقىنى ئۆز قولى بىلەن نابۇت قىلغان تاۋۇزلۇق.

«ئاھ خۇدا، مېنى خۇدامۇ كەچۈرمەيدۇ. مەن دېھقان تۇرۇپ، دېھقاننىڭ ئەجرىنى نابۇت قىلدىم. بىگۇناھ مايسىنى نابۇت قىلدىم — ئۆلتۈردۈم. مەن قاتىل، ئەشەددىي قاتىل.»

× ×

ھويلىدىكى باراڭ ئاستىغا قويۇلغان كارىۋاتتا مەززىلىك سۈيقاشنى ئىشتىھا بىلەن ئىچىپ ئولتۇرغان جاپپار ئاخۇن كۆزلىرىگە قان تولۇپ، مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ كىرىۋاتقان ھېزىمئاخۇننى كۆرۈپ چۆچىدى. شۇنداقتىمۇ چاققانلىق بىلەن كارىۋاتتىن چۈشۈپ، ئۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى.

— كىم سېنىڭ يۇندىڭنى يالىغىلى كىرىپتۇ، مۇناپىق، ئۆزۈڭچە تېخى مېنى بويۇن ئېگىپ كىردى، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ ئېست خۇدا، خام سۈت ئەمگەن بەندە كەنمەن. ئەگەر سېنىڭ — سەن جوھۇتنىڭ قېنىڭنى ئىچكەن بولسام، سېنىڭ قىلغان-

لىرىڭغا شۇنداق قىلغان بولسام قىلچىمۇ
پۇشايمان قىلمىغان بولاتتىم. ئېسىت ئەقىل-
سىزلىق، مەن نېمە قىلىپ قويدۇم!؟

جاپپار ئاخۇنمۇ، ئۇنىڭ ئىشلەمچىلىرىمۇ
ئېغىزىنى ئاچقان پېتى ھاڭ-ۋېقىپ قاراپ
قالغانىدى. ھېزىمئاخۇن توختىماي تىللايتتى:

— كەلمەمسەن ھەي مۇناپىق، كەلمەمسەن
يۈندەخورلار؟ سەنلەرنىڭ، سەن ئىپلاسلار-
نىڭ جېنىڭ نېمىدى؟ مەن ئۇنىڭدىنمۇ
چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن قاتىلمەن. كەل،
كېلىشمەمسەن، ھامىنى قاتىل بولغاندىكىن
سەنلەرنىڭمۇ قېنىڭنى ئىچىپ، بىر يولى
قاتىلنىڭ يوغىنى بولاي.

ئۆي ئىچىدىكىلەرمۇ، سىرتتىن كىرگەن-
لەرمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا پېتىنالمايتتى.

— سەنلەر مېنى ئانىي تاپقان ھېلىقى ئاخ-
شىمى تاۋۇزلارنى تارتىپ، ئازراقتىن يۇلۇپ
قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن تاۋۇزلار قۇرۇپ كې-
تىپتۇ. سەن دۆتلەر بۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى
بىلەلمىدىڭ. مەن نېمىشقا مۇشۇنداق قەبىھ
گۇناھ قىلدىم. بۇنىڭ سەۋەبچىسى سەن مۇنا-
پىق، يۈندەخورلار مەن ئۆزۈمنىڭ بالىسىنى،
ياق، ئۆزۈمنىڭ بالىسىنىڭ ئورنىدىكى ماي-
سىلارنى نابۇت قىلدىم. ئاڭلاشتىڭمۇ؟ ھەر
قايسىڭنىڭ ئاچچىقىدا شۇ مايسىلارنى، گۇناھ-
سىز مايسىلارنى يۇلىۋەتتىم.

جاپپار ئاخۇننىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.
ئۇ تاۋۇزلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنى ئوغۇتنى
كۆپ بېرىۋەتكەنلىكتىن دەپ قاراپ تەك-
شۈرۈپمۇ كۆرمىگەنىدى.

كىملەرنىڭدۇ خەۋەر قىلىشى بىلەن يې-
تىپ كەلگەن كەنت ئامانلىق ساقلاش خادى-
مى ھېزىمئاخۇننىڭ ئارقىسىدىن تۇيدۇرماي
كېلىپ، قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى.

4

ئامانلىق ساقلاش خادىمى ھېزىمئاخۇننى
كەنتنىڭ كونا بىر ئامبىرىغا سولاپ قويدى.
ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىقرارى بويىچە تۈرمىگە
سولىتىۋېتىشلىرى، زىيانىنى تۆلەيسەن دەپ
ئەسلى-ۋەسلىنى قۇرۇتۇۋېتىشلىرى مۇمكىن
ئىدى. ئامانلىق ساقلاش خادىمى جاپپار
ئاخۇننىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىش نىيىتىدە
ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، كۈتمىگەن جاۋاب-
قا ئېرىشتى:

— بولدى ئۇنى چىرايلىقچە ئۆيىگە ئە-
كىلىپ قويۇڭلار، — دېدى ئۇ گويا ھېچ ئىش
بولمىغاندەك، — ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تونۇپ
ئىقرار بولدى. گۇناھىنى تونۇغان ئادەم
خۇدا ئالدىدىمۇ، ھۆكۈمەت ئالدىدىمۇ
كەڭچىلىككە ئېرىشىدىغۇ!؟
ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز قولۇم-قوشنا ئادەم-
لەر، كىچىككىنە ئىشنى چوڭايتىپ، ئارىغا
سوغۇقچىلىق سېلىپ يۈرسەك بولماس.

ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ تۇرغان
خوتۇنى مېھمان ئۇزاپ بولغاندا، ئۇنىڭغا
چالۋاقىدى:

— نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ نەدىكى بىر
جۇلدۇر كېپەن قوپۇپ
بىزنى شۇنچە ئانىي تاپسا، سىلە ئۇنى
سولاتقۇزۇپ، ئەلەمەھەللىنىڭ ئالدىدا بىز-
نىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى تونۇتۇپ قوي-
ماقتا يوق، قويۇپ بېرىڭلا دەيلىغۇ؟!

— ھەي... كاللاڭلىدا بۇ ئىشلارنىڭ
تېگىگە يېتەلىگۈدەك ئەقىل بولمىغاندى-
كىن، قازان-قومۇشلىرىڭلارنىڭ ئىشىنى
بىلسەڭلار بولمامدۇ؟

— ۋاي قوۋۇرغامەي، مېنىڭ ئەقلىم
يەتمىگۈدەك نېمە ئىش بار ئىدى ئەۋلىيا
غوجام؟

— ھەمىشە بۇرنۇڭلارنىڭ ئۇچىغىلا قا-
راپ گەپ قىلىسىلە، بىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا
قىلىپ قويغانلىرىمىز بار. ھېلىقى كۈنى

بىزنىڭ بالىلارنىڭ ئۇنىڭ سۆيىنى باغلىۋالغىنى، كېيىن بولىدى دېگۈچە ياساپ جابدۇغىنى ئېسىڭلەردە بارمۇ ھە، ئەقىللىقىم؟!

— ئېسىمدە بار، لېكىن ئۇ...

— سىلە دېگەندەك ئۇنى سولىتىۋەتتىمۇ دەيلى، بىراق ئۇنىڭ ئېغىزىنى مومدا يەملەپ قويغىلى بولماس. خەقلەر نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى سورىسا، ئۇ ھەممىنى ئېيتىدۇ. ئۇ چاغدا مېنىڭ ئەل ئالىدىدىكى، ھۆكۈمەت ئالدىدىكى ئابرويۇم نېمە بولۇپ كېتەر. مەن ھۆكۈمەتنىڭ ئېغىزىغا چىقىش ئۈچۈن ئاز ھەرەج تارتتىممۇ؟ ماللىرىڭنى بورداۋاتقان كۈنجۈرە، بوغۇزلار، خەقلەر قاراڭغۇ بازاردىمۇ تاپالمايۋاتقاندا، بەخۇدۇك ھالدا دۇكاندىن ئېلىپ كىرىپ، كەڭرى ئىشلىتىۋاتقان ئوغۇتلار مېنىڭ ئاشۇ ئابرويۇمنىڭ ھۆرمىتىدىن ئەمەسمۇ؟

— مەن بىلمەپتىمەن موسۇلمان، خاپا بولمىسىلا...

— بۇ گەپنى قوياي، يەرنىڭ ئوسسى كېتىپ قالغىلى تۇرۇپتۇ. ئەلەمەھەللىگە خەۋەر بېرىڭلار، سەھەر كېلىپ يەرنى مەيدانلاشتۇرۇپ بېرىشسۇن، قوناق تېرىۋېتەيلى!

× ×

ھەممە ئادەم كېۋەزلىرىنى پەرۋىش قىلىش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، پەقەت ئىككىلا ئادەم ئۇنىڭغا ياردەملىشەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۆيدىكى ئىككى ئىشلەمچى بىلەن قوشقاندا ئارانلا تۆت ئادەم بولدى، شۇڭا جاپپارنىڭ بېشى قاتتى. مۇشۇنچە يەرنى پەقەت مۇشۇ تۆتلا ئادەم بىلەن قانداقمۇ تۈزلەپ ۋاقتىدا ئورۇق سېلىپ تۈگەتكىلى بولسۇن؟ بىراق ئىشلەپ بولالمايدىكەنمىز دەپ يەرنى ئاق تاشلاپ قويغىلى بولمايدۇ-دە. ھەي ھېزىم بولغان بولسىمۇ ياخشى بولاتتى. ئۆزى يالغۇز ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىۋېتەلەيتتى، ئەپسۇس ئەمدى ئۇ يوق...

ھېزىمئاخۇننىڭ يوغان كەتمىنىنى ئۆشنىسىگە سېلىپ، ئىنىسىنى باشلاپ يېتىپ كېلىشى ھەممەيلەندە باشقىچە كەيپىيات ئويغاتتى: جاپپار ئاخۇن دەسلەپتە غۇژژىدە تۇرۇلدى، چۈنكى مۇشۇ ئىشلارنى تېرىغىنى دەل ھېزىمدە. كېيىن ھەيران بولدى، ئاخىرىدا گۇلقەقەلىرى ئېچىلدى. ئىككى دېھقان شادلاندى، ئىشلەمچىلەر ئەجەبلەندى.

شادلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالغان جاپپار ئاخۇن ھېزىمئاخۇننىڭ يېنىغا بېرىپ سالام بەردى. ھېزىمئاخۇن چېپىۋاتقان كەتمىنىنى توختاتماستىن بوينىنى يانغا تولغاپ ئالايغاندەك قاراپ قويدى، سالامغا جاۋابمۇ ياندۇرمىدى.

جاپپار ئاخۇن ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆيىگە قايتىپ كەلدى-دە، تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتقان خوتۇنىغا بۇيرىدى:

— گۆش بېسىپ پولۇ قىلىڭلار!

— ئەتىگەن باشقىچە گەپ قىلىۋاتاتتىڭىزغۇ؟

— ئەھۋال ئۆزگەردى خوتۇن، ماۋۇ ھېزىم ئىنىسىنى باشلاپ ئىشلىگىلى چىقىپتۇ.

— ۋايىيەي قوۋۇرغام، يېزىدىن شۇجى كەلگەندەك جۇۋاپ كەتكىنىنى.

— سىلىگە قازان-قومۇشلىرىڭلارنى بىلىڭلار دېمىدىممۇ؟ ھېزىم ئاكا-ئۇكىدەك كەتمەن چاپىدىغانلارنىڭ كەينىدە يوق

ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر زادى؟
— ماقۇل ، دېگەنلىرىدەك قىلاي.
كۆش بېسىپ، ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پو-
لۇنى ئېتىز بېشىغا ئېلىپ بېرىشقاندا ،
كۈن چۈشتىن ئۆتكەنىدى . ھېزىمىئاخۇن
ئىنىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر قانچە تۇت-
قىنىغا ئۇنىماي ، قورساق توقلىغىلى
ئۆيگە كەتتى . كەچتىمۇ ، ئەتىسى ۋە ئۆ-
گۈنىمۇ ئۇ يەنىلا شۇنداق قىلدى . ئۇ-
نىڭ بۇ قىلىقىغا قارىتا ھەممەيلەن ئۆز-
گىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزدى. جاپپار ئاخۇن
بىلەن ئايالىنىڭ ئويلىغىنى بىر يەردىن
چىقتى.«ھېزىمىئاخۇن دەردىگە ئاززاق بول-
سىمۇ دەرمان قىلىش ئۈچۈن پۇل تەمە قىل-
غان.»

ئىشنى گۈل كەلتۈرۈپ تاماملىغان ھېزىمى-
ئاخۇن ئايالى غورا سېلىپ ئەتكەن سىقماق-
تىن ئىككى ئاياق ئىچىۋېتىپ ، بولۇڭ-
دىكى ئورۇن- كۆرپىگە يۆلىنىپ ئولتۇرات-
تى . جاپپار ئاخۇننىڭ ئوغلى گىدەيگىنى-
چە كىرىپ كەلدى ۋە مەيدە يانچۇقىدىن
بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ، ئون يەۋەنلىكتىن
ئىككىنى ئايرىپ سۇپا ئۈستىدە قويدى:
— دادام سىلىنى ئۈچ كۈندىن بېرى
جىق جاپا چەكتى ، ئاز بولسىمۇ ئېلىپ
قويسۇن، دېۋېدى.
— لازىمى يوق ،- ھېزىمىئاخۇن يانغا
قارىۋالدى.
— ئۇنداق قىلماي ئېلىپ قويسىلا ،
ئاز بولۇپ قالدى . كېيىن يەنە...
— مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ ئاززاق
سەدىقىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلەپ بەردى
دەپ ئويلاشتىڭمۇ ؟ بىلىپ قويۇش مەن
ھېزىم ھەرقانچە قەلەندەر بولۇپ كەتسەم-
مۇ ، ھەر قايسىڭنىڭ ئايىغىغا باش قوي-
مايمەن . داداڭغا دەپ قوي: ئۇنىڭ ئاچ-
چىقىدا تاۋۇزلارنى يۇلۇۋېتىپتىمەن . دېھ-
قان بولۇپ قاپتىكەنمەن ، ياپېشىل
مايسىلار كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرۇۋېلىپ
ئۇيقۇ بەرمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە قايماق-
تەك يەرنىڭ ئاق تاشلىنىپ قېلىشىغا كۆڭ-
لۈم ئۇنىمىدى . شۇڭا كەتمىنىمنى قولۇم-
غا ئالدىم . ئاشۇ مايسىلار ئالدىدا ، يەر
ئالدىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھىمنى يۇيۇش
ئۈچۈن ، داداڭغا شۇنىمۇ دەپ قوي : كۆ-
ڭۈلدىكى ئاغرىقنى پۇل بىلەن ساقايتقىلى
بولمايدۇ.

جاپپار ئاخۇننىڭ ئوغلى ھېزىمىئاخۇننى
گويا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك تىكى-
لىپلا قالدى.

---

(بېشى 88 - بەتتە)
ھېلىقى سولاقخانىغا يېتىپ كەلدى ، مەھ-
بۇس دەرۋەقە كېتىپ قالغانىدى. بانكىر
بولمىغۇر گەپ- سۆزلەرنىڭ تارىلىپ كې-
تىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈستەلدى-
كى ھېلىقى خەتنى ئېلىۋالدى، ئۆز
خانىسىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن ھېلى-
قى خەتنى بىخەتەر ئىشكاپىغا سېلىپ قوي-
دى.

(ئالىمجان ھەسەن تەرجىمىسى)



# كۆۋرۈك بېشىدىكى ئەسلىمە

## (هېكايە)



«پايانداز» تېمسىدا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

**سىدىق قاۋۇز**

ئەللىك ئىككى ياھەتچىگە قۇچىقىدىن جاي بەرگەن «خۇاڭخې» ماركىلىق ئاپتوبۇس گويا تۇلپار تېزلىكىدە ئىككى قاسىنىقى سوۋا-دان تېرەكلەر شاخلىرىنى تۈت ئەتراپقا تەكشى ياپىغان سايىۋەن سۆگەتلەر بىلەن ئورالغان تاناپتەك تۈز، ئازادە يېزا يولىدا گۈركىرەپ چېپىپ كەلمەكتە. شۇتاپ، ئەتراپىدا قاتار-قاتار ئۈجمە كۆچەتلىرى قەد كۆتەرگەن مايسىزارلىقلاردىن، قايسىبىر باغ، گۈلشەن-لەردىن باھارنىڭ، قىزىل گۈلنىڭ خۇش-بۇي ھىدىنى ئېلىپ بىزنى قۇتلاشقا كەلگەن مەيىن شامال ئاپتوبۇس ئىچىگە تاشلىنىپ، ئۈستى-باشلىرىمىزنى سەگىتىپ ئۆتەتتى. بۇ تەگدىشى يوق بوستانلىقلار بىلەن تونۇش-لۇقى بولغان مەمەدان كەسپداشلىرىم قە-دەمدە بىر ئېغىز ئۈچلاپ يۈرت، ماكان ھەققىدە ئىزاھات بېرىپ تۇرسىمۇ، ھېلىلا «بوسوغا داۋان» دىن ئاتلاپ يېقىنقى ئون يىل مابەينىدە يۈز بەرگەن رېئال ئۆزگى-رىشلەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمى-گەن مېنىڭدەك جىمغۇر كالتە پەم ئىشچىلار تەبىئەتنىڭ يېڭى كېلىنلىرى تەقدىم قىلى-غان سوۋغا-سالاملار ئالدىدا لال بولۇپ، ھەيرانلىق ۋە زوقمەنلىك ئىچىدە يىراق-لارغا نەزەر تاشلاپ ئولتۇرۇشماقتا ئىدۇق. ھازىر «ئېلىشىبېشى» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ يەر ئاگلاشلارغا قارىغاندا ناھايىتى قەدىم زامانلاردا راۋاق-شىپاگلار، ھەي-

ۋەتىنىك بۇتخانىلار بىلەن تولغانىكەن. كېيىنچە سەھۋالىم، كوھمارىم نامى بىلەن ئاتالغان مەشھۇر تاۋاپگاھلار ئاپىرىدە بوپتۇ. ئەمدى كىشىلەر ھەر يىلىنىڭ باھار ۋە كۇز پەسلىدە بۇ تاۋابگاھقا يىغىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۇدۇم بولۇپ كەتكەن دۇئا-تىلاۋەتىنى ئادا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ يەرنىڭ گۈزەللىكىدىن ھوزۇر ئېلىشىدۇ.

يېڭى يېزىلارنىڭ باھار مەنزىرىسى مەپتۇن قىلغانلىقىدىنمۇ، يا ماھارەت كۆرسىتىشكە ياخشى مەيدان تاپقان «تۇل-پار»نىڭ تېز چاپقانلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ بىز ھېچنېمىنى سەزمەيلا قۇياش ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن مەزگىلدىلا مەنزىلگاھىمىز-غا يېتىپ كەلدۇق.

ئاپتوبۇس توختاش بىلەن تەڭ يولۇچى-لار كۆڭلى خالىغان ياقنى نىشان قىلىپ تۆت تەرەپكە چېچىلدى. بۆككىدە دەرەخ-زارلىققا چۆككەن ئىككى قەۋەتلىك مېھ-مانخانا، تانسازالى، بەزمىخانا، زىياپەت زالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رېستوران، فونتانلىرى ئېتىلىپ تۇرىدىغان گۈللۈكلەر، سېمونتتىن ياسالغان نەقىشلىك بېلىق كۆلچەكلىرى؛ بۇ يارىشىملىق كۆلچەكلەر-نى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان جەزى-بىلىك ھەسەن-ھۇسەن كۆۋرۈكى، ئەتى-گەندىلا سەيلىچىلەرنى باغرىغا تاڭغان شىپاڭ-راۋاقلار... شەھەردىكى ھەشەمەت-لىك مېھمانخانىلار بىلەن بەسلەشكەندەك تاغ ئېتىكىدىكى بۇ خىلۋەت ماكاننىڭ ئابروينى ئاجايىپ كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. بۇ يەردىكى كۆڭۈللەرنى ئەسىر قىلىدىغان سۈرەتتەك مەنزىرىلەرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقىنىم ئۈچۈن ئۆز كۆزۈمگە ئىشەن-مىگەن ھالدا زوقلىناتتىم، ھاياجىنىم دەريا سۈيىدەك دولقۇنلىناتتى.

مەن زۇمرەت سۇلىرى ئۇخچۇپ تۇرغان بۇلاقلارنى، گۈل-گىياھ قاپلىغان دەريا ساھىللىرىنى، پولات ئارغامچا بىلەن ياسال-غان جەلىپ قىلارلىق ئاسما كۆۋرۈكنى، كۆجۈم مەھەللە-كەنتلەرنى قېنىقماسلىق نەزىرىم بىلەن ئايلىنىپ چىقتىم.

ھازىر ئېسىمدە تۇرغىنىم ئىككى يۈز تونىنى-لىق بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان راۋۇ-رۇس بېتون كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇ قانات-لىرىنى كېرىپ تۇرغان ئەنقاردەك قاراقاش دەرياسىنىڭ شىللىسىگە مىنگەنىدى. كۆۋ-رۈكنىڭ يۇرىكى بولۇپ تۇرغان زامانىۋى سۇ بۆلگۈچ گويا ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرغان پالىۋاندەك دەريانىڭ تو-سۇن سۇلىرىنى ئۆز ئەمرىگە بويسۇندۇر-غانىدى. مەن كۆۋرۈكنىڭ سېمونت سالا-سۇنىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ دەرياغا نەزەر تاش-لىدىم. ھېلىلا يېتىپ كەلگەن سېغىز رەڭ «چېچەك سۈيى» چاپچىپ ئاقاتتى. مېنىڭ خىيالىم «چېچەك سۈيى» دىنمۇ تېزلىكتە كۆۋەجەپ، ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلان-غان، ئەمما مۇشۇ دەرياغا باغلىنىشلىق بولغان بىر ۋەھىمىلىك ھادىسە قايىنىمىدا پىرقىرىماقتا ئىدى...

× ×

1979- يىلى ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرى كۈ-تۈلمىگەندە، قاراقاشنىڭ ئاقساراي يېزى-سىدىكى ئۇجاتتىن كۆڭۈل دۇنياسىنى قاي-غۇغا سالىدىغان بىر مۇسىبەتخەۋىرى كېي-لىپ قالدى. بىز سىرلىرى ئالا-تاغىل بولۇپ ئىسكەتىدىن چۈشكەن، ئورۇندۇق-لىرى جۇلدۇر كېپەن بولۇپ قالغان بىر ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق.

شەھەرلىك ئاپتوبۇس شىركىتى خوجا-يىنلىق قىلىدىغان بۇ جانىۋارنىڭ مولا-زىملىرى ئۇنىڭغا خۇددى كۆشۈككە سامان تىققاندەك ئادەم قاچىلاپ قەدەمدە بىر توخ-تاپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قەپەزدەك قوي-نىنى كىچىك باللارنىڭ يىغىسى بىلەن ئارىلاشقان قىيا-چىيالىرى، قىستاڭچى-لىقتا ئۆزىگە ئىگە بولالمايۋاتقان كىشىلەرنىڭ «ۋايىيەي»، «ۋاي پۇتۇمەي»... دېگەندەك چۇقان-سۈرەنلىرى قاپلىغانىدى.

ئاپتوبۇس ئازراقلا مېڭىۋىدى، ئالدى

تەرەپتىن كەلگەن «تۆمۈر ئۆكۈز» بىلەن دوقۇرۇشۇپ يول تالىشىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپ ئارقا چاقى يان تەرەپتىكى كاتاڭغا چۈشۈپ قالدى. شوپۇر ئۇنى ئۈنچىۋالا نەزەرىگە ئېلىپ قويماي ماي تەپكىسىنى كۈچەپ باستى. «مېڭىپ — مېڭىپ قىردىن ئاشالماپتۇ» دېگەندەك چاقلار لاي پۇركۈپ بىر يەردىلا ئايلىنىۋاتاتتى.

بۇ هال بىزنىلا ئەمەس باشقا يولۇچىلارنىمۇ تىت — تىت قىلىۋەتتى-دە، جىلە بولۇپ غودۇڭشۇشقا باشلىدى. بىراق نېمە ئامال؟ بۇنىڭدەك ئېسكەتسىز، تار يوللاردا ئۇنداق كېلىشمەسلىكلەر كۈندە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇغۇ؟! ئەر يولۇچىلار ئولاش — چولاش يەرگە چۈشۈپ دولىمىزنى ئاپتوبۇسنىڭ ئارقىسىغا تىرەپ ئۇنى پالاكەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىشتۇق. ماغدۇرىدىن كەتكەن بۇ نەرسە ئورنىدىن قىمىرلاش ئۇياقتا تۇرسۇن كۆچىگەنسېرى ئۇنىڭ چاقى قېتىمدىن ئاچچىق زەي سۇ ساقىپ تۇرىدىغان ئەزمە تۇپراققا چوڭقۇر يېپىشىپ، گەۋدىسى تېخىمۇ قىيسىيىشقا باشلىدى. ماۋۇ پالاكەتنى، «مەن ئالدىرايمەن مەنزىلىمگە يەتكىلى، ئېشىكىم خىيال قىلار ۋاقتىمنى تەرك ئەتكىلى» دېگەننىڭ ئۆزى بولدىغۇ؟ بىز ئوتچۆپ يۇلۇپ كېلىپ كاتاڭغا تاشلاش، ئەتراپتىكى سۆگەت — جىگدىلەرنىڭ شاخلىرىنى يېرىپ چاق ئاستىغا ياتقۇزۇش، توپا تىندۇرۇش، مۇڭگۈزىگە ئارغامچا باغلاپ تارتىش، كەينىدىن ئىتتىرىش قاتارلىق ئېپتىدائىي چارىلەر بىلەن ئاران دېگەندە ئاپتوبۇسنى پېتىقتىن تارتىپ چىقاردۇق. ئېسىت، قىممەتلىك ۋاقىت — ئالتۇندەك ئىككى سائەت بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى.

ئاپتوبۇس ئالدىمىزدىكى ياردىن ئۆتكىچە كۆندۈرمىگەن تايدەك چاپچىپ بىر سەكرىۋېدى، ئەڭ ئارقىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئاپئاق ساقال بىر بوۋاينىڭ بېشى ئاپتوبۇسنىڭ لەمپىسىگە تېگىپ يېرىلدى. يەنە ئىككى — ئۈچ سەپەرداشنىڭ پېشانىسى، قوللىرى ئورۇندۇقنىڭ تۆمۈرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ تېرىسىگە گۈل چېكىلدى. ئاپتوبۇس لايقا بوستانلىققا يەتكىچە بۇ هال قانچە قېتىم تەكرارلاندىكىن، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. لېكىن «ئەي شوپۇر يىگىت، بىزنىڭ تىنچلىقىمىز سېنىڭ تىنچلىقىڭ، سېنىڭ بەختىڭ بىزنىڭ بەختىمىز، نېمىگە بۇنچە ئالدىرايسەن؟»، «خۇدا سېنىڭ بەختىڭ ئائىلەڭگە سورۇنچىلىق سالمىسۇن.» بۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى تىلەكلەر ۋە ئايرىم كىشىلەرنىڭ «ئېسىت، شۇ هالىڭغىمۇ شوپۇر بولۇپ قاپسەن، ئاۋۋال هارۋا هەيدەشنى ئوبدانراق ئۆگىنىپ، ئاندىن ماشىنىنىڭ رولىغا قونساڭچۇ» دېگەندەك ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدىكى سۆزلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرىپ تۇردى. ئەپسۇسكى، ئۆتكۈنچىلەرنى هەر بالالارغا دۇچار قىلغان يول ۋە شارائىت هېچكىشىنىڭمۇ خىيالىدىن كەچمىگەنىدى.

بىز تومۇزنىڭ كۆيدۈرگە ئىسسىقىدا تەشنالىق تارتىپ، نەپەسنى بوغقۇدەك تىنجىق هاۋاسىدا گىياهدەك سولىشىپ، يىلان باغرى يوللاردا گاه هوشۇقچە توپا كېچىپ، گاه تاشلارغا پۇتلىشىپ دەلدۈگۈنىپ پېشىن بىلەن سەھۋالىمغا يېتىپ كەلگەندە قاراقاش دەرياسى قارا كەلكۈنى بىلەن ئالدىمىزنى توستى. دەريا سۈيى هەددىدىن زىيادە ئۇلۇغ بولۇپ ئىككى قىرغاقتا شىددەت بىلەن ئۆرۈلۈپ قىيانياساپ ئاقاتتى. شۇ تاپتا دەرياغا قارىغان كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىر خىل قورقۇنچلۇق ۋەهىمە ئەسىر قىلاتتى. بىز هايات — مامات ئۆتكىلىگە دۇچ كېلىۋاتاتتۇق. هايات ئىنسانغا قىلىنغان ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ئەڭ قىممەتلىك سوۋغات. شۇ ۋەجىدىن

ئۇنى قەدىرلەش ۋە ئاسراش كېرەك. قاـ
راملىق قىلىپ ئۇنى نابۇت قىلىش كەچۈرـ
گۈسىز گۇناھ. لېكىن شۇ مىنۇتلاردا كۆز
ئالدىمىزدىكى خەتەردىن قورقۇپ ئارقىغا
چېكىنىش بىز ئۈچۈن تولىمۇئۇيا تسىزلىق
بولاتتى. چۈنكى بىز نامىزىغا بىنارماقچى
بولغان كىشى ئايالىمىنىڭ تىكەندەك يالـ
غۇز ئانىسى—مېنىڭ قېيىن ئانام ئىدى. ئۆلـ
لۈم ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى.
ئۇ قارا قاناتلىرىنى يېيىپ كەلگەندە ياشـ
قېرىغا باقمايدۇ. ئۇنى بىز تېخى ئۇلۇشـ
كۈنلا شەھەردىن ساق - سالامەت ئۇزىتىپ
قويغانىدۇق. مانا ئەمدى...

بىز بېشىمىزغا كەلمىش ھەر قانداق
بالا - قازا ۋە خەتەرنى ئۇنتۇپ «تەۋەكـ
كۇل دەرياسىغا كېمە سېلىش» قا تەبەردـ
دۇت قىلدۇق. مۇشۇنداق قىلىشتىن باشقا
ئامال يوق ئىدى.

— قېنى كېمىگە چىقىڭلار ،- دېدى كېـ
مىچى بوۋاي ئۆتتۈنۈش تەلەپپۇزىدا. ھەر
يەر - ھەريەردىن كېلىپ، بىزگە ئوخشاش
تەقدىرى بىلەن ئويىنىشىۋاتقان سەككىز
كىشى بىر - بىرلەپ كېمىگە چىقىشتى. بۇـ
لارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ رەپىقەمدىن باشقا
ئايال جىنسلىق ئادەم يوق ئىدى. يەرـ
لىك كىشىلەر بۇنى «تولۇم» دەپ ئاتېـ
شاتتى. يەل توشقۇزۇلغان يىگىرمەدانە قوي،
ئەچكۈ تېرىسىگە كاتنى قوندۇرۇپ ياسىغان
بۇ ئىپتىدائىي قاتناش قورالىنى كېمە
دېگەندىن كۆرە «تۇلۇم» دېگەنمۇ تۈزۈك
ئىدى.

— خېنىم، ئۆزلىرى ئوتتۇرىدا ئولتۇـ
رۇۋالسىلا ،- دېدى تۇلۇمچى ئەپتىدىن ھاـ
زىدارلارغا خاس مىسكىنلىك ۋە ئەلەملىك
روھىي ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئاياـ
لىمغا قاراپ. ئۇ پەرىشتىدەك ئاپئاق پۇرـ
كەنجىگە ئورالغان بولۇپ، كۆزلىرىدىن
مۆلدۈرلەپ تۆكۈلۈپ تۇرغان ياش ۋە تىـ
نىقلىرىدىكى «ئاھ» ئېسى نازۇك كۆڭلىنى
ئۆرتىمەكتە ئىدى.

تۇلۇمچى كۈن پېتىش تامىدىكى قىبلىگە
قاراپ ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ، نېمىلەرـ
نىدۇر پىچىرلاپ دۇئا كەلتۈرگەندىن كېيىن،
تەرگە پىشىپ كەتكەن خەسە يەكتەكنى
تۈزەشتۈردى ۋە بەلبېغىنى چىڭىتىپ تۇرۇپ:

— سەپەرداشلار ھودۇقماڭلار، ئۆزۈڭلەرـ
نى تەمكىن تۇتۇڭلار، ئاللا ئۆز پاناھىدا
ساقلىغاي ،- دېدى ۋە توم چىگە ئارغامچىـ
نى يېشىپ، ئۈزۈن خادىنى يەرگە كۈچەپ
تىرەپ تۇلۇمنى دەرياغا سالدى.

ئىستىرگۈچى خادىنىڭ كۈچى بىلەن دەرـ
يا ئېقىنىنى گورىزونتال شەكلىدە كېسىپ
قارشى قىرغاقنى كۆزلەپ كېتىۋاتىمىز. دەرـ
يانى توغرا كېسىپ ئۆتىدىغان قۇدرەت بىزـ
دە نېمە قىلسۇن؟! كۆلرەڭلىك سۇ ئەجدىـ
ھاسى ھە دېسىلا بۇژغۇن چاچرىتىپ، بىزـ
نى «ھاپ» ئېتىپ يۇتۇپ كېتىدىغان ئەلـ
پازدا ئۆركەش ياساپ شارقىرايتتى. مەن
سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، يوقتىش ئەلىمىگە
قوشۇلغان قورقۇنچ ۋەھىمىسى مەھبۇبەمـ
نىڭ يۈرەك رېتىمىنى بۇزۇپ، چىرايىنى
تامدەك ئۆڭدۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ كۆزىنى
چىڭ يۇمۇپ، كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ماڭا
ھەھكەم يېپىشىۋالغانىدى. مەنمۇ قورقۇنـ
چىدا تىترەۋاتقانلىقىمنى يوشۇرالمايمەن.
تۇلۇمنى كۆرۈپ باقمىغان بىزدەك ئادەمـ
لەر بۇگۈن ئۇنىڭغا ئولتۇرۇشقا تەۋەككۈل
قىلىۋاتسا نېمىشقا قورقمىسۇن؟! ئۇنىڭ
خەتىرىنى ھەرگىزمۇ سەل
چاغلىغىلى بولمايتتى. چۈنكى
بىز ئېلىشىۋاتقان بۇ « ئەجدىھا » نىڭ
ھەر يىلى نەچچە ئونلىغان ئادەمنى يۇـ

تۇپ كەتكەن پاجىئەلىك ئۆتمۈشى بار ئەمەسمۇ؟!

بىز دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا يەتتۇق. كېمە شىددەتلىك دولقۇنلارنىڭ خىرىس قىلىشى ئىچىدە ئىنتايىن ئوڭۇشسىز شارائىتتا داۋالغۇپ بارماقتا. ئېقىن پات-پات شاخ-شۇمبىلارنى، زىرائەت غوللىرىنى توپ-توپى بىلەن ھەيدەپ كېلەتتى.

— ئۇستام پەخەس بولۇڭ، — ئېقىمغا قارشى تەرەپتە ئولتۇرغانلارنىڭ جىددىي ئاۋازى ھەممىمىزنى چۆچۈتىۋەتتى. راستىنلا چۆچۈگۈدەك ھادىسە دەڭا! قەيەردىندۇر قومۇرۇلۇپ كېلىنگەن شۇنداق يوغان بىر توپ سۆگەت قارا يىلتىزلىرىنى نەيزىدەك تەڭلەپ ئۇدۇل بىز تەرەپكە ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى. تولۇم ھەيدىگۈچى دەرھال خادىنى سۆگەتنىڭ غولىغا تىرەپ كېمىنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. شۇنداقتىمۇ شورى قۇرىغۇر سۆگەتنىڭ يىلتىزى كېمىنىڭ بىر بۇرجىكىگە سۈركىلىپ ئۇنى قاتتىق سىلكىتىش تۈپەيلىدىن ئالدى تەرەپتە ئولتۇرغان ئىسمى ناتونۇش بولغان ئەللىك ياشلاردىكى چارساقال بىر كىشىنى دولقۇنغا غەرق قىلىۋەتتى. ئېھتىمال چالنىڭ سۇ ئۈزۈشتىن خەۋىرى بولمىسا كېرەك، ئەجەل ھودۇقۇشىدا گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ كېتىۋاتاتتى. ئارىمىزدىكى قىرىق ياشلار چامىسىدىكى كەكساقال تەمبەلگىنە بىر كىشى دولقۇنغا ئۆزىنى ئاتتى-دە، سۇ ئۈزۈش تەنھەركەتچىلىرىدەك غۇلچىنى كەڭ يېيىپ، بەختسىز چالنى كۆزلەپ ئۈزۈپ كەتتى...

گەرچە بىز ئامان قالغان بولساقمۇ يۈرىكىمىز قېپىدىن چىقىپ، روھىمىز تەندىن ئاجراپ كەتكەندەك بولدى. ھېلىمۇ مىڭ شۈكرى، مۇبادا تولۇمچى چەبدەسلىك كۆرسەتمىگەن بولسا، گۆر بىر، ئۆلۈك ئۈچ بولاتتى...

مەن ئەتىسى زاراتكاھلىقتا جامائەتتىن كەكە ساقالنىڭ ئەزىز جېنىنى پىدا قىلىش بەدىلىگە ئاقساقالنى سۇ ئەجدىھاسىنىڭ قارنىدىن تارتىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ تېنىم شۈركىنىپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم...

— توقۇش سېخىدىكىلەر راۋاقنىڭ ئالدىغا كېلىڭلار، ئوبدانىغىنا بىر خاتىرە قالدۇرايلى، — سېخ مۇدىرىنىڭ ئاۋاز ئارتىسلىرىنىڭكىدەك سالماق ۋە ياڭراق ئۈنى مېنى ئەسلىمىلەر قايىنىمىدىن تارتىپ چىقتى.

مەن سۈرەتكە چۈشۈپ بولغانلىدىن كېيىن ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، ھاياجانلىق ھېسسىياتلىرى مەۋج ئۇرغان، كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەر بىلەن رېئاللىق گىرەلەشكەن تۇيغۇلار ئالەمىنى كېزىپ ئايلانما پەللەمپەيلەر بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ كۆۋرۈكنىڭ بېشىدىكى ئون مېتر ئېگىزلىكتە قەد كۆتۈرگەن كۆزىتىش مۇنارىغا چىقتىم ۋە قېنىپ-قېنىپ نەپەس ئېلىپ، زوقسىنىش ئىچىدە يىراق-يىراقلارغا كۆز يۈگۈرتتىم. دەريانىڭ ئىككى ساھىلىدىكى بوستانلىقلارنى كېسىپ ئۆتكەن تاناپتەك تۈز ئاسفالت بەلباغلار ئۇپۇقتا تۇتاشقاندەك كۆرۈنەتتى. مانا بۇ ئاپتوموبىل، تراكتورلار بىمالال ماڭالايدىغان يوللار بوستانلىقلارنىڭ رىشتىسى مۇنۇ كۆۋرۈككە، شە-

ھەرگە چاتقانىدى. توغرا، ئەينى ۋاقىت ـ
لاردا ئەجدادلىرىمىز قورۇنۇش ئىچىدە
ماڭغان ئەگرى ـ توقاي چىغىر يوللارنىڭ
ئىزناسى ئۆچۈپ، نەچچە يىل ئىلگىرىكى
قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان تۇپىلىق
سوقماقلار بۈگۈنكى كۈندە ھەر قانچە ماڭ ـ
سىمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلدۇرمايدىغان
ئازادە، سىيلىق يوللارغا ئورۇن بەردى. ئاس ـ
فالت يوللار شەھەرلەرگە، دۆلەتنىڭ چوڭ
قاتناش تۈگۈنلىرىگىلا مەنسۇپ ئەمەس.
ئۇ ھازىر شەھەر بىلەن يېزىلارنى، يېزا
بىلەن يېزىنى، يېزا بىلەن كەنتلەرنى، شە ـ
ھەر بىلەن سەيلىگاھلارنى، يايلاقلارنى،
ھەتتا خىلۋەتتىكى مۇشۇ سەھۋالىم ۋە كوھ ـ
مارىمدەك مەدەنيەت يادىكارلىق نۇقتى ـ
لىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان قولايلىق، راھەت ـ
لىك قاتناش تورىغا ئايلاندى.

ھېلىقىدەك ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلەر،
تراگېدىيىلىك ھادىسىلەر ئەمدى ئىبرەت ـ
لىك تارىخقا ئايلىنىپ قالدى. ئەنە قا ـ
راڭ، ئاۋۇ مېھمانخانا بىناسى ئالدىدا
قاتار تىزىلىپ كەتكەن ئاپتوبۇس، پىكاپ ـ
لارنى! ئون، ئون ئىككى... ئونبەش... ياق
توغرا سانىيالمايۋاتىمەن. ھازىر مۇشۇ لې ـ
نىيىدە چېپىۋاتقان ئاپتوبۇس، بولكىۋاي ـ
لار، بەش كىشىلىك، ئون ئورۇنلۇق پى ـ
كاپلار ئوتتۇزدىن ئاشىدۇ. يولۇچىلار ئۇ ـ
لارغا ئەمەس، بەلكى ئۇلار يولۇچىلارغا
ئۆچىرەت ساقلىماقتا. شەھەردىن بۇ يەرگە
كېلىش ئۈچۈن ئىلگىرى بىر كۈن ئازلىق
قىلاتتى. ئەمدى قاراقاش بىلەن خوتەننى
بىر ـ بىرىگە چاتقان مۇنۇ كۆۋرۈكبېشىغا
كېلىش ئۈچۈن قىرىق ـ ئەللىك مىنۇت بولسىلا
كۇپايە. ھازىر كىشىلەر تراكتور، «سوپەك» ـ
لەرگە كۆز قىرىنى سالمايدۇ. ئېشەك ھار ـ
ۋىسىغا ئولتۇرۇپ رىيازەت چېكىشنى، ۋېلى ـ
سىپىت مىنىپ تەرگە چۆمۈشنىمۇ ئانچە
خالاپ كەتمەيدۇ. ئۇلار موتسىكلىتلىرىنى
بەيگىگە سېلىشقا نېمە دېگەن خۇشتار ـ ھە؟!
مەن شۇ يىلى قىيىن ئانامنى مەڭگۈلۈك ئا ـ
لەمگە ئۇزىتىپ قويۇپ، ماڭىدىغان يول تۇ ـ
گىگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، يە ئاچچىق ساۋاق ـ
لارنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان كۆڭلۈمنىڭ را ـ
يىمنى قايتۇرالمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ، بۇتە ـ
رەپلەرگە ئۆتۈش ئىستىكىدە بولمىغانى ـ
دىم. مۇنداق زور مۆجىزە بولۇشنى قانداق
تەسەۋۋۇر قىلاي؟!

بۈگۈنكى ساياھىتىمىن تاپقان بايلىقىم
ئىنتايىن مول، تەسىراتىم بى قىياس چوڭ ـ
قۇر بولدى. مەن قاشتېشى، ئۈنچە ـ مەرۋا ـ
يىتلاردىنمۇ ئېسىل، ئالتۇن ـ گۆھەردىنمۇ
قىممەتلىك بولغان تەڭدىشى يوق بىر نەرسى ـ
گە ـ ئەتراپىمىزدىكى يېڭىلىنىۋاتقان رەڭ ـ
دار مۆھىتنى، گۈللىنىش مەنزىرىسى ئىچى ـ
دە دولقۇنلىنىۋاتقان يېشىل دېڭىزنى، ئەڭ
مۇھىمى، ئويغىنىۋاتقان كۆڭلۈمنى قانات ـ
لاندۇرۇپ، ئۈمىد گۈلشىنىگە ئىنتىلدۇرگەن
تورسىمان يوللارنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن
ھوزۇر ئېلىش ئىمكانىيىتىگە، تەبىئەت
پەرىسىنىڭ يېڭى ـ يېڭى سوۋغىلىرىنى
قوبۇل قىلىش سائادىتىگە ئېرىشتىم.

# بىر كوي...

(ھېكايە)

داۋۇت مەتنىياز

ئەللىك ياش ئەتراپىدىكى ئىككى ئادەم ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئۇلار خېلى سالاپەتلىك كىشىلەر بولۇپ ئەتىرەك سارجىدا تىزىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان يەكتەك كىيىۋالغان. بىرىنىڭ بېشىدا بادامدوپپا، يەنە بىرىنىڭ بېشىدا ئاق ئەرەب بۆكى بار ئىدى. ئۇلار ئاپتوبۇسقا چىقىپلا يولۇچىلارغا تەكشى بىر قارىۋېدى، بىرنەچچەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى.

— ھاجىم، ما يەرگە كېلىشسىلە، ما يەردە ئورۇن بار.

كىملەردۇر بۇ «ھاجىم» لارنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى، ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەكرەك ئىلتىپات كۆرسەتكىنى بىر كۆزى ئازراق ياشاڭغۇراپ تۇرىدىغان ئاق ساقاللىق بوۋاي ئىدى. بوۋاي بۇ «ھاجىملار» بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئورنىنى بىكارلاپ بېرىپ ئارقىدىكى ئورۇنغا يۆتكەلدى.

— ئولتۇرۇۋەرسىلە بولاتتى...

— يوقسۇ، ھەر قايسىلىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدۇ، بەيتۇل ھەرەمنى تاۋاپ قىلىپ كەلگەن دىدارلىرىغا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇش مۇسۇلمانىنىڭ ئىشى ئەمەس.

«ھاجىم» لار بوۋاي بىكارلاپ بەرگەن ئورۇنغا چۆكۈشى بىلەن ئەتەي بۇ ئىككىسىگە ساقلاپ تۇرغاندەك خېلىدىن بېرى تاقىتسىزنى تاق قىلىپ تۇرغان ماشىنا ماتورى گۈرۈلدەشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا بويىنىغا كىچىك قارا سومكا ئېسىۋالغان بىر قىز ئاپتوبۇسقا چىقىپ يولۇچىلارغا ئوڭ-تەتۈر بۇيرۇق بەرگىلى تۇردى.

— ھوي ئاكا، سىز ئاۋۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇڭا! ھوي سىزنى دېدىم. بېرىڭا ئاشۇ بولۇڭغا. ھەي ئاچا، سىز بالىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىپ ئولتۇرۇڭ. كىچىك بالا بىر كىشىلىك ئورۇننى ئىگىلىسە بولمايدۇ. ھەي قارىم، سىز ماۋۇ سومكىڭىزنى ئاپتوبۇسنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىڭ، بۇ يەردە قويسىڭىز باشقىلار ئۆتەلمەيدۇ.

ئاپتوبۇس ئەتىدىن بېرى مىخلاپ قويغاندەك تۇرغان ئورنىدىن ئاخىر ئاستا قوزغالدى. تاقىتى تاق بولغان يولۇچىلار ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك «ئۇھ» دېيىشتى. كىمدۇر بىرى «خۇداغا شۈكرى» دەۋەتتى. ئەپسۇسكى ئاپتوبۇس بېكەتتىن چىقىپ ئون قەدەم ماڭا - ماڭمايلا يەنە توختىدى.

— ئەتىدىن ساقلاتقىنىنى ئاز دەپ، ئەمدى نېمىگە توختايدىكىن، - دېدى بىر ئايال غۇدۇڭشۇپ.

ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكى جالاقىدە ئېچىلىپ يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى بىر قىز چىقتى. ئۇنىڭ بۇدرە قىلىنغان كالتە چېچى خۇددى قارا تەلپەكنى تەتۈر ئۆرۈپ كىيىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. قاشلىرى قارا بوياق بىلەن چىرايلىق قىلىپ سىزىپ قويۇلغانىدى. قىز ئاپتوبۇس ئىچىگە تەكشى بىر قارىدى - دە، ئۈچ كىشىلىك ئورۇندا كېرىلىپ ئولتۇرغان ھېلىقى ھاجىملارنىڭ قېشىغا باردى. بۇ ھاجىملارمۇ

قىزنى كۆرمىگەن قىياپەتتە قاپاقلىرىـ
نى تۈرۈپ ئولتۇرۇشتى.

ــ ئۇياققىراق سۈرۈلسىلە ئاكا، پىتىـ
شىپ ئولتۇرايلى؟

«هاجىم» لاردىن ھېچقانداق سادا چىقـ
مىدى، ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى.
قىز ئۇلارغا قايتا يېلىنىشنى خالىمىدى
بولغاي، ئاپتوبۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
بىر ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى پەم بىـ
لەن تۇتۇپ، ئالدىغا سەل ئېگىشىپراق تۆـ
رە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بىلەت ساتـ
قۇچى قىز ئالدى تەرەپتىن باشلاپ بىلەت
سېتىپ «هاجىم» لارنىڭ قېشىغا كەلگەندە
بادام دوپپا كىيگەن ھاجىم يانچۇقىغا قول
سالغانىدى، ئەرەب بۆك كىيگەن ھاجىممۇ
قول سالدى.

ــ توختىسىلا ھاجىم مەن ئالاي.

ــ ياقەي، قايسىمىز ئالساق ئوخشاشقۇ.

ئۇلار ئېغىزلىرىدا شۇنداق دېگىنى بىـ
لەن ھېچقايسىسىنىڭ قولى يانچۇقىدىن
چىققىلى ئۇنىمايۋاتاتتى. ئۇ قوللار ئۆز
ئىگىسىگە بوي سۇنمايۋاتقاندەك ياكى يانـ
چۇققا كەپلىشىپقالغاندەك ئىدى. «هاجىم»ـ
لار كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بىر ـ بىرىنىڭ
يانچۇقىغا ئېھتىيات بىلەن قارىشاتتى.
بىلەت ساتقۇچى قىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر
پەس توختاپ قالدى. ئاخىرى ئەرەب
بۆكلۈك «هاجىم» يانچۇقىدىن بىر باغلام پۇل
چىقاردى ـ دە، ئۇنى كويلۇقتىن بىرنى سۇـ
غۇرۇپ بىلەت ساتقۇچىغا ئۇزاتتى. ھاجىمـ
نىڭ قولىدىكى پۇل خۇددى مەيىن شامال
سوققان ياپراقتەك يېلىنەر ـ بىلىنمەس
تىترەپ كەتتى.

ــ مەن تۆلىسەم بولاتتىغۇ، ـ دېدى باـ
دام دوپپىلىق ھاجىم يانچۇقىدىن قولىنى ئالـ
ماي تۇرۇپ.

ئەرەب بۆكلۈك ھاجىم ھەمراھىغا «لاپ» قىـ
لىپ بىر ئالايدى ـ دە، بىلەت ساتقۇچى
قايتۇرۇپ بەرگەن پۇلنى ساناشقا باشلىـ
دى. بىلەت ساتقۇچى قىز ئارقىدىكى ئوـ
رۇندۇققا ئۆتۈپ كەتتى.

ــ ساۋاب بولار خان بالام، يانچۇقۇمـ
دا بارى مۇشۇكەن. ئاز كۆرمەي ئېلىپ
قويۇڭ. بۇ ھاجىملارغا ئۆز ئورنىنى بىـ
كارلاپ بەرگەن ھېلىقى بوۋاينىڭ بىلەت
ساتقۇچى قىزغا يالۋۇرغان ئاۋازى ئىدى.

ــ بىزنىڭ گۇگىسغا پۇل لازىم ئاكا،
ساۋاب لازىم ئەمەس. مەن سىزنىڭ بۇنـ
داق چىرايلىق گەپلىرىڭىزنى كاسسىرغا
پۇل ئورنىدا ساناپ ئۆتكۈزۈپ بېرەلمەيـ
مەن. پۇلنى ساق تۆلەڭ بولمىسا چۈشۈپ
قېلىڭ!

بوۋاي كىمدىندۇر شاپائەت تاما قىلىـ
غاندەك ئەتراپىدىكىلەرگە قارىدى. ئەمـ
ما ھېچكىم ئۇنىڭ كەملەپ قالغان پۇلىنى
تۆلەپ بەرمىدى.

ــ قانداق قىلىسىز؟ ـ ساق تۆلەمسىز
ياكى چۈشەمسىز؟ ـ دېدى قىز يەنە.

ــ پۇلۇم راستىنلا كەملەپ قالدى باـ
لام، يانچۇقۇمدا بولغان بولسا تولۇق تۆـ
لەيتتىم. ماشىنا كىراسىنىڭ ئۆسكىنىنى
بىلمەي...

ــ ھەي شىرزات، توختىڭا! مايەردە چۈـ
شىدىغان ئادەم باركەن، ـ دېدى قىز، شوـ
پۇرغا. ئاپتوبۇس سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ
يولنىڭ چېتىگە چىقىپ توختىدى، ئىشىكـ
مۇ جالاقشىپ ئېچىلدى.

ــ بىر كوي كەملەپ قالغانىدى. بىرـ
سىلىرى بېرىپ تۇرغان بولسىلا، مەن
ئۆيگە بېرىپلا بېرەتتىم، ـ دېدى.

ھەممەيلەننىڭ دىققىتى بۇ پۇلدا ر«هاـ
جىم» لارغا يۆتكەلدى. ئەمما بۇ چاغدا

بادام دوپپىلىق «ھاجىم» دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ قۇرۇق ھۆ بولۇۋاتاتتى، ئەرەب بۆكلۈك «ھاجىم» كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ بېشىنى بىر تەرەپكە قىيسايتىپ ئۇخلىماقتا.

— ماشىنىنى كاشىلا قىلماي تېز بولۇڭ!— دېدى بېلەت ساتقۇچى قىز، بوۋايغا ئىشىك تەرەپنى كۆرسىتىپ.

بوۋاي ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ، شاھىنىڭ ئوردىسىدىن ھەيدەلگەن غولامدەك ئاپتوبۇستىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئىشىككە قاراپ ماڭدى. بىر قەدەم، ئىككى قەدەم... ئەنە ئۇ ئىشىككە يېقىنلىشىپ قالدى. ئاپتوبۇس ئىچىنى گۆرىستان جىملىقى قاپلىدى.

بوۋاي ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىدىن بىر پۇتىنى ئېلىشىغا ئايال كىشىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى جاراڭلاپ ئاپتوبۇس ئىچىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئېغىر سۈكۈتنى بۇزدى.

— مانا، ئاكا، بىر كوي.

ھەممىمىز تەڭلا قاراشتۇق. ئاپتوبۇس ئىچىدە ئۆرە تۇرغان «ساياق» قىز بوۋايغا بىر كوي پۇلنى تەڭلەۋاتاتتى. بوۋاي ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا قانداق تەسلىكتە كەلگەن بولسا، قىزنىڭ قېشىغىمۇ شۇنداق تەستە باردى.

— رەھمەت بالام، خۇدايىم سىزگەمۇ ئۇنداق كۈننى ھەرگىز كۆرسەتمىگەي،— دېدى بوۋاي قىزدىن ئالغان پۇلنى بېلەت ساتقۇچىغا بېرىۋېتىپ.

ئاپتوبۇس قوزغالدى. ئەمدى، ھۆ بولۇۋاتقان ھاجىممۇ ئوڭشالدى. ئۇخلاپ قالغان ھاجىممۇ ئويغىنىپ قىزنى يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ھەي ئوكام مايەرگە كېلىپ ئولتۇرسىلا، يول يىراق. ئۆرە تۇرۇپ پۇتلىرى تېلىپ كېتىدۇ.

قىز «بۇ ھاجىم» لارغا شۇنداقلا بىر قاراپ قويدى-دە، پەرۋاسىزلىقىيا پەتتە تۇرۇۋەردى. ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن يىراقلارغا كۆز تىكمەكتە ئىدى.

---

(بېشى 16 - بەتتە)

بىر ئوقۇغۇچىسى بۇ ئىشقا ياردەم قولىنى سۇندى. بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ دادىسى ھېلىقى تەدرىجىي مەركەزگە يېقىنلىشىپ كەلگەن يەرنىڭ يۆتكىلىشىنى «باھا ئۇخشمايدۇ» دەپ توختىتىپ قويغان دادۇينىڭ سېكرېتارى ئىدى. سېكرېتار بالىسىنىڭ ئېغىزىغا ئىلىم سالغان بۇ ئۇستازىنىڭ كېيىنىنى يىراتتىمۇ؟ ئاخىرى ھەممە كاشىلىلار تۈگەپ بىر مو ئۈچ فۇڭ يەردىن يەتتە فۇڭ خوراپ، يەتتىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى رەۋەيدۇللانىڭ قولىغا ئالتە فۇڭ يەر ساپمۇساق تەگدى. ماتا ھازىر ئۆينىڭ ئۇلى ئىشلىنىۋاتىدۇ. خۇدا بۇيرۇسا بۇ ئۆي ئىككى-ئۈچ ئايلاردىن كېيىن گۈزەردە قەد كۆتۈرىدۇ. رەۋەيدۇللامۇ شۇنىڭدىن باشلاپ باشقا ئۆي سالغان ئەرلەر قاتارىدا يۈزى يورۇق ھالدا قەددىنى رۇسلاپ يۈرەلەيدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ كەڭرى ھويلىسىدا راملىق بولۇپ قالغىنىغا باشقىلىرىدىن ئەمەس، ئۆزىگە پىشاڭدىن پايدىلىنىپ يەر يۆتكەش چارىسىنى ئۆگەتكەن قەدىناسى رىشاتقا رەھمەتلەر ئوقۇيدۇ.

رەۋەيدۇللانىڭ ئۆيلۈك يەر ئېلىشتا ماڭغان يولىنى ھەق يول دېيىشكە بولمايدۇ. لېكىن بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئىمتىياز-ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۆشۈكتىكى نەۋرىلىرىگىمۇ ئۆي سېلىپ قويغان يەردە، بۇ بىچارە ئوقۇتقۇچىنىڭ پۇلدىن ئىبارەت پىشاڭدىن پايدىلىنىپ يەر يۆتكىشىنى شەرىئەت يولىغا دۇرۇسلىقلى ھەمكەچۈرگىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھازىر پىشاڭدىن پايدىلىنىپ يەر يۆتكەش بۇ شەھىرى ئەزىمدە يېڭىلىق ئەمەس، ئادەتتىكى بىر ئىش بولۇپ قالدى.

1993 - يىلى 8 - مارت، خوتەن

# «مەجبۇرىيەت»

(ھېكايە)

مېجىت باقى

«مۇدىر چاقىرىدۇ» دېگەننى ئاڭلاپ يۈرىكىم «قارت» قىلىپ، ئەنسىزلىككە چۆمدۇم. دېمىسىمۇ ئىدارىمىزنىڭ ئىلگىرىكى ئىشخانا مۇدىرى ئالمىشىپ، ئورنىغا يېڭى كەلگىنى تېخى مېنى چاقىرتىپ دوكلات سوراپ ياكى يوليورۇق بېرىپ باقمىغان. ھەر كۈنلۈكى ئىشقا كېلىمەن، مۇدىرغا سالام بېرىمەن، مۇدىر بولسا سالامىمغا بەزىدە خۇشچىراي، بەزىدە بولۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇق ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئالدىراپ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ ئىشخانىسىغا بىر-بىردىن كىرىپ چىقىدۇ-دە، ئۆز ئىشخانىسىغا قايتىپ بېكىنىۋالىدۇ. مەندەك ئاددىي زاپخوز بىلەن ئۇ كەمدىن-كەم سۆھبەتلىشىپ قالمىسا كۆپ ۋاقتى ئىدارە باشلىقلىرى يېنىدا خىزمەت دوكلاتى، كەلگەن ئالاقىلارنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈستىدە پىكىرلىشىش، تازىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش، كاماندىروپكىغا چىقىش ۋە قايسى ماشىنىنى قەيەرگە بەلگىلەشكىچە بولغان «ئىنچىكە» ئىشلار ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىش، قىسقىسى ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ «رايىنى سىناش» بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ، ئىدارە باشلىقلىرى سىرتقا ماڭىدىمۇ بولدى، مۇدىرغا ئامەت ياغدى دېگەن گەپ، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئاللىقاياقلارغا غايىب بولىدۇ. ئىدارە باشلىقلىرى قايتىپ كەلگەن ھامان مۇدىرمۇ گويا ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىدەك پەيدا بولۇپ، چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرغان ھالدا كۈندىلىك خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىشقا تۇتۇنىدۇ. بۇنىڭغا ئىدارىدىكى كادىرلار ھەيران بولمىسىمۇ، سۈن ۋۇكۇڭ ساۋابلىق ئىشلار ئۈچۈن يەتمىش ئىككى خىل ئۆزگىرىشكەن. بىزنىڭ مۇدىر بولسا خۇشامەت ئۈچۈن ئۆزگىرىشتە سۈن ۋۇكۇڭدىن ئېشىپ چۈشسە چۈشىدۇكى، ھەرگىز كەم قالمايدۇ. بۇخىل كومېدىيىنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق بازىرى بولغاچقا كۆپىنچىمىز كۆنۈپ قالدۇق، كىمنىڭ يامان بولغۇسى بار دەيسىز؟ خىزمەتنى ئىدارىدىكى كادىرلار ئىشلەيدۇ، دوكلاتنى مۇدىر قىلىدۇ. ئۇنىڭغا قوشۇپ كىم خىزمەتنى جان دەپ ئىشلىسە مۇدىر ئۇنى شۇ ھامان غەيۋەت تومىغا كۆمىدۇ. ناۋادا مۇدىرنىڭ بولمىغۇر قىلىقلىرى توغرۇلۇق بىرەر ئېغىز سۆزلەپ قويىدۇڭمۇ، بولدى. ئىشنىڭ يوغىنى چىقىدىغانگەپ، باشلىق كۆزۈڭگە «ئاممىنىڭ ئىنكاسى» دەپ ئاتالغان بىر تاتازا خەتلەرنى چېنەپ ئېغىز ئاچۇرمايدۇ. ئىنكاس قىلغۇچى بىردەمدىلا «ئىنكاس قىلىنغۇچى»غا ئايلىنىپ، جاۋابكار ئورنىغا چۈشۈپ قالىسەن، ئىلگىرىكى مۇدىرىمىز گەپ-سۆز بولسا ئوچۇق دەۋېرىدىغان، ئىدارىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ يۆتكىلىۋېدى، ئورنىغا كەلگىنى ئۆز نەپسى ئۈچۈن پېتىر كۆمەچتىن قىل ئالىدىغان، ئويۇنچى كەپتەردەك ھۆنەر چىقىرىدىغان بولۇپ چىقتى. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك، ئىدارە باشلىقلىرى سەز-

مەمـدۇ ياكى سەزسىمۇ «ئانىمىنىڭ ئىنـ
كاسى» دېگەن ئاتاقا قىلىشتىن ئەنسـ
رەمدۇ، ھازىرغىچە قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرگـ
نى يۈرگەن. مۇدىرىمىز بولسا ياخشى كۆ-
رۈنۈشىنىڭ ھەلەكچىلىكى ۋە ئۈمۈچۈكتەك
تىنىمسىز ھالدا ئۆز نەپسى ئۈچۈن تور
توقۇۋاتقان، ئىدارىمىزنىڭ ھالى مۇشۇ.
مەندەك زاپخوزچۇ؟ «قېنى» دېسە «ھە»
دەيمەن. ئىشقا بۇيرىسا ئورۇندايمەن،
بولمىسا پەرۋايىم پەلەك. مانا ئەمدى تو-
ساتتىن ھالىم باشقىچە بولۇپ قالدى.
بۈرنا كۈنى مۇدىرنىڭ كىشىنىڭ غىدىقىـ
نى كەلتۈرىدىغان قىلىقلىرىغا كۈلگەنىـ
دىم. كاساپەت سېزىپ قالغاندەك قىلدى.
ھەي، ھەر قانچە قىلغان بىلەن مۇدىر
دېگەن باشلىقتا يېقىن. ناۋادا ئۇ «سەن
تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي» دېگەندەك
سامان تېگىدىن تۈيدۈرماي سۇ يۈگۈرتۈپ
باشلىقتا چېقىشتۇرۇۋالغان بولسا ياكى
ئادىتى بويىچە «ئانىمىنىڭ ئىنكاسى» نا-
مىدا ئىككىلىك خەت سۈگگۈتۈۋەتكەن بول-
سا باشلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش
ھوقۇقىنى مۇدىرغا تاپشۇردىمۇ تېخى...

مەن زاپخوزلۇق قىلىش جەريانىدىكى
ئۇلۇغ-ئۇششاق ئىشلارنى چاقماق تېزلىكىـ
دە كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم-دە، تىل
قىسىنچىلىقى بولغۇدەك بىرەر سەۋەنلىكـ
نىڭ كۆرۈلمىگەنلىكىگە ئۆزۈمگە - ئۆزۈم
تەسەللىي بېرىپ مۇدىرنىڭ ئىشىكىنى
چەكتىم.

— زاپخوزنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ - ئىشـ
خانىغا كىرىشىمگىلا مۇدىر بۇرنى ئۇچىغا
قىستۇرۇۋالغان كۆزەينىكى ئۈستىدىن
كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سوئال سورىدى، -
ئاتايىتتىن چاقىرتمىسا كۆرۈنەيمۇ دېمەيـ
سىز، سەل ياۋايىدەك قىلامسىز نېمە؟ مە-
سىلەن، - ئۇ سۆزىنىڭ يېرىمىنى «غۇرت»-
تىدە يۇتۇۋېتىپ ماڭا تىكىلدى.

پېشانەمدىن سوغۇق تەر چىقتى. تۇلۇم-
دىن توقماق چىققاندەك تۇيۇقسىز سورال-
غان باش - ئايىغى يوق سوئالغا نېمە
دەپ جاۋاب بەرگۈلۈك. ئىدارىغا كېلىپلا
چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ خېلى كۆپىنى
قولغا ئېلىپ باشلىقلارنىڭ بۇرۇتىغا قوش-
قاچتەك قونۇۋېلىشقا ئۈلگۈرگەننى ئاز
دەپ باشلىق بىلەن باشلىق ئوتتۇرىسىغا
پانىدەك سىغدىلىپ نەپ ئېلىۋاتقان مۇ-
دىر مەندەك ئاددىي زاپخوزنىڭ ۋەزىپىسـ
نى راستىن بىلمەمدىغاندۇ؟

مەن ئۇنىڭ مەلۇم خەۋپىنى يوشۇرۇ-
ۋاتقاندەك پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە،
گارمۇندەك قاتلاش بويىنىغا، ھەلەپ كۆ-
شەۋاتقان كالىدەك بۆرتۈپ چىققان قوۋ-
زىغا زەن قويۇپ تىكىلدىم، ئىچكى ھېسـ
لىرىنى يوشۇرۇشقا ماھىر بۇ كۆرۈمسىز
چىرايىنىڭ ماڭا نەپ بەرمەيدىغانلىقىغا
كۆزۈم يەتتى.

— ئىدارىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەتـ
راپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش، - دېدىم مەن بىر
پەس سۈكۈتتىن كېيىن ۋەزىپە - مەجبۇرىـ
يەتلىرىم دائىرىسىنى دەڭسەپ تۇرۇپ. تۇتـ
سا سېپى بار، كىشى كۆڭلىگە ئوڭاي يا-
قىدىغان جاۋاب ئىزدەپ.

جاۋابىم ئىجابىي ۋە ئىلمىي بولغاچ-
قىمۇ دەرھال ئۈنۈم بەردى. بۇتتەك قېتىپ
تۇرغان چىراي كۈلۈمسىرىدى.

— ھەببەللى، - دېدى ئۇ كۆزەينىكىنى
ئېلىپ پۈۋلەپ، ئىرىنچەكلىك بىلەن سۈرتـ
كەندىن كېيىن ئىشچىزىسى ئۈستىدىـ
كى ھۆججەت - ماتېرىياللارنى رەتلىگەچ، -
قارىسام يامان ئەمەس ئىشلەيدىغاندەك
تۇرىسىز، بەزىلەرنىڭ سىزگە پىكرى بار،

دەكمۇ قىلىدۇ. ئەمەلىيىتىڭىزگە قارايلى دەۋاتىمەن. زاپخوزنىڭ ئىشىغۇ تەس خىزمەت، ياخشى بولماق تەس، شۇڭا سىزنى چاقىرتىپ ئۆزئارا چۈشىنىشەيلى دېۋىدىم، مەسىلەن، كۆز ئالدىمىزدىكى مۇھىم خىزمەتلەر توغرىسىدا.

يەلكەمدىن ئېغىر تاش چۈشۈپ كەتكەندەك يېنىك تىنىدىم، «قارا، مۇشۇ گەپلەرگىمۇ چۆچۈپ كەتكىنىمنى، - دېدىم ئۆز-ئۆزىچىمدە، - مۇدىر ئۆز سۆزىنى بۈگۈن ماڭا كۆرسەتكىسى كەلگەن چېغى، بىراق، گەپنى تۈز ئېيتماي كولدۇرلىتىپ ئەگىتىپ سۆزلەۋاتىدۇ، ئۇنچىۋالا ھەيۋە ئالىدىغان بەل ئەگكۈدەك كەمچىلىكىم بارمىدى؟»

- مەن ئۇزۇن يىللىق خىزمەت تەجرىبەمگە ئاساسەن دەرھال ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىپ مۇدىردىن سورىدىم:

- ئىدارىدىكىلەرگە نەرسە - كېرەك ھەل قىلىدىغان ئىش بارمىدى، مۇدىر. ھازىر...

مۇدىر سۆزۈمنىڭ بېلىگە تەپتى، - شۇنداق، شۇنداق، مەسىلەن، - ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى ئاخىرىغىچە تىڭشىمىغانلىقىدىن ئەمدى ئوڭايسىزلانغان بولسا كېرەك، يېنىمغا كېلىپ تاماكا تەڭلىدى ۋە دولامغا يېنىككىنە ئۇرۇپ قويۇپ، - ئىدارىدىكىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ھەر تەرەپتىن غەمخورلۇق قىلىشنى ئويلىشىشىمىز زۆرۈر. مەسىلەن، ۋەزىپە ئېغىر دېگەندە رەھبەرلىكنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىر دېدى ۋە سۆزىدىن توختاپ تاماكىسىنى قاتتىق شورىغاندىن كېيىن، ئىسنى ئالدىرىماي پۈۋلەپ چوڭ سۈپەت بىلەن قوشۇپ قويدى، - ئىدارىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى ھەر تەرەپلەردىكى ئامىللارغا باغلىق. مۇدىر بولغان كىشى ئەتراپلىق ئويلىشى، زاپخوز بولغان كىشى ماسلىشىشى كېرەك، قانداق دېدىم.

- شۇنداق مۇدىر، مۇشۇ كەمنى ئالساق مېۋە - چېۋە ۋاقتى، يېزىلار جەننەت دېسىلە، غۇر قىلىپ چۆرگىلەپ كىرسەك.

- مانا، ئەمدى گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلدىڭىز. مەسىلەن، ئۆتكەندە يۇقىرىدىن كەلگەن مېھمانلارغا قويۇلغان مېۋىدەك.

مەن يېنىك تىنىدىم، كۆڭلۈمدىكى غەشلىك ئاللىقاياقلارغا قۇشتەك ئۇچۇپ كەتتى. مۇدىرغا بولغان قارىشىمغۇ دەرھال ئۆزگەردى. «قارىغاندا ئىشنى ئەتراپلىق ئويلايدىغان، كىشىلەرگە غەمخورلۇق قىلىشنى بىلىدىغان كىشىكەن ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

مۇدىر «جىپ» ماشىنىسىنىڭ شوپۇرىنى چاقىرتىپ ھازىرلا يولغا چىقىشنى، بىر نەچچە يەشىك مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرغان مېۋىلەردىن تاللاپ كىرىشنى تاپىلىدى.

كەچقۇرۇن ۋەزىپىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپ قايتىپ كەلگىنىمدە مۇدىرنىڭ كۆڭلى يايراپ، تىللىرىنى چاكىلدىتىپ كەتتى. روشەنكى ئۇ مەندىن رازى، يەنە كېلىپ تۇنجى قېتىم رازى بولغانىدى. ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ بىر كۈنى ئىشقا چۈشۈش بىلەن تەڭ مۇدىرنىڭ چاقىرىشىنى كۈتمەيلا ئىشخانىغا كىردىم. مۇدىرنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئۇ يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا تەۋرىنىپ قايسىدۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ ئولتۇراتتى. مېنىڭ ئىجازەتسىز كىرگىنىمنى كۆرۈپ سەل ئۆڭگەندەك قىلىسىمۇ چىرايىغا دەرھال كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئورۇندۇقتا تەكلىپ قىلدى ۋە يالتىراپ تۇرغان ئىبىسل تاماكا قۇتىسىنى چىقىرىپ، ماڭا بىر تال تاماكا ئۇزاتتى.

- بۈگۈن قايسى ماشىنىنى ئېلىپ بار-

سام بولاركىن، — دېدىم مەن تاماكىنى قېنىپ - قېنىپ شورىۋالغاندىن كېيىن، — تۇنۇگۈن يېزىدىكىلەر قەۋەتلا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىپ كەتتى، بۈگۈن كۆپرەك سېتىۋېلىشقا ۋەدىلىشىپ قويۇۋېدىم.

مەن سۆزدىن توختاپ مۇدىرنىڭ شادلىق يېغىپ، پارقىراپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلدىم.

— بىر يەرگە بارايدەپمىدىڭىز، — ئۇنىڭ چىرايى شاپپىدە ئۆڭۈپ، بايىلا چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى خۇنۇكلىشىپ قىسىلدى، — قاق پودا سىرتقا چىقىشنى ئويلاپ قاپسىزغۇ؟

مەن ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ قالدىم. توۋا، بىركېچە دېگەن كۆپ بولسا ئون ئىككى سائەت. تۇنۇگۈن خۇشاللانغان مۇدىرنىڭ مانا ئەمدى چىرايى تۇتۇلسا، تېخى ئون ئىككى سائەت ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ تاپىلاشلىرىنى ئەستىن چىقىرىپ چەكچەيسە، بۇ خىل يېتەكچى بىلەن ئىدارىمىز قانداقمۇ قىلار؟

كۆڭلۈمدىكى نارازىلىقنى تەستە بېسىپ جاۋاب بەردىم:

— تۇنۇگۈن ئۆزلىرىنىڭ تاپىلاشلىرى بويىچە باغدىكىلەر بىلەن پۈتۈشۈپ قويغان ئاشۇ مېۋىلەردىن كۆپرەك ئەكىلىپ ئىدارىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە سېتىپ بېرەيلىمىكىن دېۋىدىم.

ئۇ چايان چاققاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. ئاندىن ئۈستەلنىڭ تارتمىسىنى تاراقشىتىپ بىر نەرسىلەرنى ئىزدەشتۈرگەندىن كېيىن ماڭا چىچىلدى:

— سىز پارتىيە ئىنتىزامى، پارتىيە پرىنسىپىنى بىلەمسىز؟ يېزىدىن مېۋە ئەكىلىپ كادىرلارغا سېتىپ بېرەرمىش تېخى. بۇنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئۇقمامسىز؟

مەن ئۈندىمىدىم.

— سىز بىرزاپخوز، — مۇدىر سەل پەسكويغا چۈشتى، — مەسىلەن، يېزىغا باردىڭىز دەيلى، ماشىنىغا ماي كېتىدۇ، ھازىر بىر كىلو ماي ئىككى كويدىن قىممەت تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېۋە دېگەن بازاردا تۆكمە. كادىرلار بازاردىن ئالسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بىر ماشىنىنى ھەيدەپ يېزىغا بېرىش ھەم ئىسراپچىلىق ھەم بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەشەمەتچىلىك، سىز بىلەن بىز بۇنداق ھەشەمەتچىلىكنى توسۇشىمىز لازىم، قانداق دېدىم.

مەن نېمە دېيەلەيمەن، نېمە دېيەلىشىم مۇمكىن. مۇدىرنىڭ ئېيتقانلىرى ھۆججەتلەردە ئېنىق يېزىلغان ئۆلچەملىك سۆزلەر تۇرسا.

ئۇ ماڭا بىر ھازا تەنبىھ بەرگەندىن كېيىن ئۇرغۇلۇق قىلىپ قوشۇپ قويدى:

— سىز زاپخوزلۇق قىلىشتا پرىنسىپچان بولۇشىڭىز لازىم. ئەلۋەتتە، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ پەرقى بولىدۇ. بۇ باشقا گەپ، نېمىلا دېمەيلى پرىنسىپچانلىق سىزنىڭ مەجبۇرىيىتىڭىز.

مەن ئىشخانامدا ئېڭەك يۆلەپ ئولتۇرىمەن. ئارقا - ئارقىدىن چېكىلگەن تاماكا قالدۇقلىرى كۈلدانغا لىق توشتى، يەنىلا ئويلاۋاتىمەن «پرىنسىپچان بولۇشۇم كېرەك، ئەمما...»

# شېئىرلار

## جاپپار رەھمى

### يالغۇز

يولۇقتى تۇن ئاراسىدا ماڭا ئۇل دىلرەبا يالغۇز،
چۇۋۇلغان چاچلىرى چىرماش، قۇچاقىدا بالا يالغۇز.

ئاناردەك يۈزى تىرنالغان، گىرىمىلەر ئورنىدا قان، داغ،
سۇنۇق باغرىنى چاك ئەيلەپ چىقار دەردلىك سادا يالغۇز.

ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم: بۇ تۈندە نەگە يول سىڭلىم،
چىقاردى ئاخشىمى ئۆيدىن نە قىسمەت ، نە بالا يالغۇز؟...

دېدى ئۇل ئاجىزە يىغلاپ: قۇتۇلدۇم ئەمدى دوزاختىن،
ئارامگاھىم بۇ كەڭ دۇنيا، قاراڭغۇ تۈن دالا يالغۇز!

قاچانكى ئەمرىگە ئۆتتۈم، ئۇنى سۇلتان كەبى كۆتتۈم،
ئۇتۇن، سەي، ئۇنىغچە دائىم قىلىپ تەييار ئۇدا يالغۇز؟

يىراق ئۇ ھەر كۈنى تۇۋلاپ، كېلەر ئۆيگە ئىغاڭلاپ مەست،
چاقار سىركاي، لېكەن - تەخسە شۇ دەم ھوشتىن جۇدا يالغۇز.

بۇگۈنمۇ ئاشۇ ئىش تەكرار، چېقىلدى تېلپۇنزور، سائەت،
تاياقلار ياغدى باشىمغا دېدىم مىڭ «ئاھ خۇدا» يالغۇز!...

بولالماي ئاخىرى چىقتىم قېچىپ زىنندان كەبى ئۆيدىن،
بۇ تىمتاس كەڭرى ئالەمدىن تاپاي دەپ چىن ۋاپا يالغۇز.

تەبەسسۇم قىلدى يۇلتۇزلار، شاماللار سۆيدى چاچىمنى،
پىچىرلاپ خۇش يوپۇرماقلار دېدى — كەل، مەرھابا يالغۇز.

دېدى شۇنداق كېتىپ قالدى، ئۇزۇلگەن گۇل كەبى چوكان،
قاراڭغۇ تۈن ئاراسىدا سۆيۈپ مەكرىن سابا، يالغۇز.

بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال سۇباتلىق قىز ئىدىڭ گۇلدەك،
مېنى تارتقان گۈزەل ھۆسنىڭ گويا ئاھەنرابا يالغۇز.

سۆيۈشكە ئىنتىزار ئەردىم يىراق يول بەرمىدى تەقدىر،
چۇشۇردى سېنى قىلتاققا ماڭا ئەتمەي راۋا، يالغۇز.

ھاياتىڭ يوللىرى شۇنداق ئۇمىدسىز ئۆتمىگىن جانان،
سېنىڭدەك دىلرابالارغا مېنىڭدەك جان پىدا يالغۇز!...

www.uyghurkitap.com



## تۆيۇقلار

دەۋرگە ماس قەدەم باسقىن، تىنىپ يۈرمەي مېڭىپ تاق ـ تاق،
ئەقىل ئىشلەت، يارات تۆھپە بەخت كەلمەس ئەجىرسىز تاق.
ھورۇندىن تەگرىمۇ بېزار، تەمەدە يۈرمىگىن لەيلەپ،
ھالال تەر بىرلە كۆكسۈڭگە ئىجادىڭدىن قىزىلگۈل تاق.

× ×

ئۆزۈك پەرۋىشلىگەن باغدىن ئۈزۈم تۇتتۇق ماڭا بىر ساپ،
ئايان بولدى گۈزەل قەلبىڭ خوتەنىنىڭ قاشتېشىدەك ساپ.
ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئۆتسەڭ، يۈرەكتە ئارمىنىم قالماس،
ۋە يا بولسام ئۈزۈم ئۈزگەن شۇ ئىلمەك كاشكىتىڭغا ساپ.

× ×

ئەزىز ئوغلۇم ۋەتەن جەننەت ئۇنىڭ باغرىدا لەززەت سۈر،
ئىپار ھىدلىق توپاسىنى كۆزۈڭگە تۇتىيادەك سۈر.
يېتىل شۇنداق بولۇپ باتۇر ۋەتەنگە چىن ۋاپا ئەيلەپ،
ساداقەت مەيى بەخش ئەتكەن كۆچىڭدىن ياۋنى باسسۇن سۈر!

× ×

تەبەسسۇم بىرلە كەلدىڭسەن قولۇڭدا قىپقىزىل ئالما،
يوشۇردۇڭ مېنى كۆرگەندە دېگەندەك: «سەن بۇنى ئالما».
يوشۇردۇڭ سەن بىراق قەلبىم يوشۇردى ئۆزگىچە بىر ئوت،
نە ئوتكى ئۇ يىپەكلەرگە ئورالغان ئاق سۈتلۈك ئالما!...

× ×

پوست قىلىپسەن جان بالام، مىلتىق تۇتۇپ كۈندۈز ۋە كەچ،
كەلسە دۈشمەن قوغلا ھەتتا تاغ ئېشىپ دەريانى كەچ.
قوغدىغاچ سەن ھۆر ۋەتەننى بىز باياشاد ئەل ئامان،
گېزى كەلسە ئۇشبۇ يولدا شۇ ئەزىز جانىڭنىمۇ كەچ!...

× ×

مەندە بار دەپ ئالىي ئۇنۋان قالپىقىڭنى قىلما پەش،
باق كۆرۈمسىز سەن خېتىڭگە نەدە سوراق، نەدە پەش!؟
مەنكى خەتتات، پۈتكۈچى دەپ چىقما بالدۇر ئالدىغا،
ھەممىدىن تېز يىرتىلاركەن ئىزمىسى يوق ئالدى پەش.

× ×

ئايا مەشرەپ بولۇپ سەرسان، جاھان كەزدىڭ كىيىپ ئال تون.
تەپەككۇر ئەيلىدىڭ سۆزدۈك غەزەللەر كانىدىن ئالتۇن.
مۇبارەك ئۈچمىدى نامىڭ ئۆتۈپ ئۈچيۈز ۋە ئەللىك يىل،
پەقىر تەييار ساڭا دەۋران مۇكاپاتقا دېسە: «ئال تون».

× ×

ئېسىل پاكلىقا چىن تىمسال مىتاللار شاھسەن ئالماس،
زىبەك خىردار سىنى شۆئا زىننەت بازارىدىن ئالماس.
گۈزەل قىز ناز ـ كەرەشمەڭگە ئېسىل ئەنداز ئال ئۇندىن،
چىدام، غەيرەت، سۈزۈك، پاكلىق ۋە چىڭلىقنى قوشۇپ ئالماس.

× ×

ئىسىل قامۇس كىتابلارنىڭ باھاسى سەن بىلەندۇر تىل،
ئىناقلىق ئاچقۇچى سەندە، سېنىڭسىز گاس ـ كېكەچتۇر تىل.
ئەگەر بىر سۆز خاتا كەتسە قىرىلماسدۇ ناھەق بىر جان،
غەلەتلەرگە ئۇرۇن بەرمە، ئۇنى ھەق سۆز بىلەن يار ـ تىل!...

× ×

قورقىسەن ئەي جان باقار، چاشقان بىزە قىلسا «تىرىك»،
بىر ھېكمەتتىم قالسۇن ساڭا، كۆل مەيلى ئاچچىقلان ـ تىرىك.
تاغنى يۆتكەپ باغ قىلارسەن جۇرئىتىڭ بولسا ئەگەر،
تۆھپە قالدۇرساڭ ياشار، ئۆلگەندىمۇ نامىڭ تىرىك.

# ئىككى شېئىر

**تۇرغۇنجان ئابدۇللا**

## ۋىسالسىز سۆيگۈ

سەن كەلمىدىڭ،كەلمىدىڭ زىنھار،
مەنمۇ ئىزلەپ بارالمىدىم ھەم.
روھىم گويا چىقىلغان چىنە،
كىرپىكلىرىم ئاھلىرىدىن نەم.

تالاي قېتىم سورىدىم ئەپۇ،
كۆرەلمىدىم كۆلكەڭنى بىراق.
تۇنجى سۆيگۈ ۋىسالنى كۆرمەي،
بىز كېتىشتۇق ئايرىلىپ شۇنداق.

سەن كەلمىدىڭ(كەلمەيسەن ئەمدى)،
مەنمۇ ئىزدەپ بارمايمەن پەقەت.
يۈرىكىمگە ئۇيۇلغان نەقىش،
بۇ بەختسىز تۇنجى مۇھەببەت.

## خوش «پەرىشتەم» ـ سۆيگۈم جالالىتى

ئاھ! دېمەيمەن تاشلاپ كەتتى دەپ،
كىرپىكىمنى نەملىمەيمەن ھەم.
يىغلىمايمەن ئەمدى، يۈرىكىم ـ
ھىجرانىڭغا بوپ كەتسىمۇ يەم.

بولسىمۇ گەر كەچمىشلەر گۈزەل،
ئۇرنۇڭ چوڭقۇر يۈرىكىمدە ھەم،
سەنمۇ مېنى ئۇنۇتقىنىڭدەك،
مەنمۇ سېنى ئۇنتۇپ كېتىمەن.

بولمايدىكەن نادان ئالدىدا،
چىن سۆيگۈنىڭ قەدىر ـ قىممىتى.
ئەقىدەمنى خارلىدىڭ ئەجەب،
خوش پەرىشتەم ـ سۆيگۈ جالالىتى.

# ئېھ، يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

يول—شادلىق بىلەن قايغۇنىڭ ئانىسى، ھايات سەپەرنىڭ كۆزلىرى. ئۇ، ئۇمىد چۆللىرىنى ياشنىتىپ، كۆكۈل ئېتىزلىرىغا بەخت ئۇرۇقىنى چاچىدۇ، يولسىز جاھان مەدىرلىمايدۇ ...

— خاتىرە دەپتىرىمدىن

كۆمۈش يىپتەك سوزۇلۇپ ياتقان،
ئۆپۈق تامان نۇر بولۇپ ئاققان.
ئۇمىدلەرنى چېچىپ ئىقبالغا،
دىلدا شادلىق ئىشقى ئويغاتقان.
ئېھ، يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەن بەختىنىڭ تۇزىماس گۈلى.

× ×

ئىدى مېنىڭ كىچىك چاغلىرىم،
ياياق يۈرۈپ سەندە ئويناپتىتىم.
تاپىنىمغا پاتسىمۇ تىكەن،
ئاچچىق يۇتۇپ سەندە ياپراپتىتىم.
ئېھ، يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
يا بولمايتتى سەندىن كەچكىلى.

سەن يىغلىتىپ بەزى قانغىچە،
سەن كۈلدۈرۈپ بەزى تاڭغىچە.
قەدرىڭ بىزگە ئۆتتۈلگەن راسا،
ياش چوڭىيىپ ئەقىل تاپقىچە.
ئېھ، يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
ساڭا تەشنا بولغانتۇق خېلى.

× ×

سەن ئەسلىدە تاقىر چۆل ئىدىڭ،
ئېگىز-پەس ھەم چوڭقۇر كۆل ئىدىڭ.
سېنى كۆزلەپ يۈرەتتۇق ھەر يان،
خىيالدىلا پەقەت مول ئىدىڭ.
ئېھ، يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
جاپايىڭنى تارتقان بىز ئەسلى.

ئىزلەپ سېنى چۆمۈپ خىيالغا،
تاغ ئاشالماي قېلىپ زاۋالغا.
يېگەن تائام چىرايغا چىقماي،
چۈشۈپ قالغان خاراب ئەھۋالغا.
ئېھ، يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەن ھاياتنىڭ سېھىرلىك تىلى.

سېنىڭ بەخت ۋەسلىڭنى كۈتۈپ،
تاپساق سېنى كۆزلەرگە سۈرتۈپ.
مەنزىلىسىرى مەغرۇر يۈرەلمەي،
كەتتى يىللار ئازابتا ئۆتۈپ.
ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەن يوق چىقتى ئارماننىڭ يىلى.

«يايانداز» تېمىسىدا قوبۇل
قىلىنغان ئەسەر

بىز غەيرەتتە قېقىپ شۇندا پەر،
بەلگە مەھكەم باغلاپ زەر كەمەر.
تاڭنى تۆنگە ئۇلاپ تالاي رەت،
تۆكتۇق ساڭا دەريالاپ كەۋسەر.
ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سېنى نەۋاق هارماي كۆتكىلى.

يىللاپ، يىللاپ سېنىلا كۆزلەپ،
تېپىپ كەتسەڭ ھەقىقەت سۆزلەپ.
قىلدۇق توساق، تاغلارنى تالقان،
مۇشەققەتنىڭ غارىنى تۆزلەپ.
ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەن ياشاشنىڭ مۆشكۆل ئۆتكۆلى.

مېۋە بېرىپ تۆكۆلگەن تەرلەر،
شاد كۆلكىگە تويىنىپ لەۋلەر.
دىل بېغىدا چېچەكلەپ ئارزۇ،
قول تۇتۇشتى كاتتا شەھەرلەر.
ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەن يورۇشنىڭ نۇسرەت دۇلدۇلى.

× ×

سەن دۇنياغا كەلگەندىن بېرى،
باقتى بىزگە ھۆرلۆك ئەختىرى.
سېنىڭ قۇدرەت، شاپائىتىڭدە،
تىلسىملارنىڭ يېشىلدى سىرى.
ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەندە كۆلەر سائادەت تېگى.

سەن ھەممىگە ئېچىپ خۇشچىراي،
يۇردۇق ئىقبال تامان زارلىماي.
يوقاپ مانا سەندىن چاڭ - توزان،
چاقناپ تۇرار مەڭزىڭدە ئاي - ھاي!

ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەن دېھقانىنىڭ پەخرى، كۆز نۇرى.

سەن بولمىساڭ نۇرلانماس ھايات،
سەن بولمىساڭ شادلىق بىزگە يات.
سەن بەختنى چىللىغان ئارمان،
سەن بولمىساڭ بولسىمىز بەرباد.
ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەن سائادەت - بەختنىڭ ئۇلى.

سەن بولمىساڭ يار بىزگە خەتەر،
سەن بولمىساڭ كۆلمەس بىرمۇ ئەر.
سەن ئاجايىپ كۆركەم، جىلۋىدار،
سەن ئۇزلۇقتا چاقنىغان مەرمەر.
ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەن مۇقەددەس تارىخ دەستۇرى.

سەن يورۇشنىڭ جەسۇر ناخشىسى،
سەن مېھنەتنىڭ نەپىس كەشتىسى.
سەن دىللارنى كۆلدۇرگەن باھار،
سەن ئارزۇلۇق دىلنىڭ رىشتىسى.
ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەن كۆڭۆلنىڭ كۆيگىنى، پۇلى.

سەن بار بىزگە خەتەر يات بولدى،
تۇرمۇش گۆزەل، قەنت - ناۋات بولدى.
پۇتلاشلاردىن بولۇپ بىز خالى،
ھەممە ئورتاق كۆلدى، شاد بولدى.
ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەندە دەردنىڭ بوغۇلدى گېلى.

www.uyghurkitap.com



× ×

ساڭا شۇ تاپ ئۈمىدتە باقساق،
كۆرۈنمەيدۇ مەنزىلمۇ يىراق.
سەن نۇرانە تاڭلارغا ئوخشاش،
ئۈمىدلەرگە، كۆزلەرگە چىراغ.
ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەندە ياشنار ھەر دىل خىيالى.

سەن ئويغىتىپ دىلدا تىلەكلەر،
تولدى سەندە گۈلگە ئېتەكلەر.
جۇشقۇن ھېسلار نۇرلىنىپ سەندە،
ۋىسال تاپتى تەشنا يۈرەكلەر،
ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەن يېڭىلمەس ئۈننىڭ مەھسۇلى.

سەن يالتىراپ بوستانلار ئارا،
زەر ئۈزۈكتەك تۆكۈپ شوخ جۇلا.
يېشىل ۋادا قۇچاقلىرىنى،
قىلدىڭ ئاۋات، سايراتتىڭ گويا.
ئېھ، يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەن شادلىقنىڭ ياڭراق مەزمۇنى.

ئەنە سەندە مەرمەر ئۈزۈملەر،
تۇتاش كەتكەن بوستان تېرەكلەر.
دىلنى مەستخۇش قىلىپ كۈلدۈرەر،
چېكەڭدىكى رەيھان، ئەتىرلەر.
ئېھ، يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەن ئۈزلۈكنىڭ خالى، سۇمبۇلى.

شۇ تاپ سېنىڭ قوينۇڭدا راسا،
دولقۇنلايدۇ جۇشقۇن شاد ناۋا.
سېنىڭ ئىزىڭ شاۋقۇنلىرىڭدا،
بار ياشلىقتەك شوخ، گۈلگۈن سادا.
ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەن مۇھەببەت - سۆيگۈنىڭ كۈيى.

سەن بىلەن بىز يۈرۈپ ھەر سائەت،
تاپتى ئۈمىد ئىشقىمىز نۇسرەت.
سەن ھاياتنىڭ جىسمىدىكى قان،
سەنسىز ھايات بىزگە قىيامەت.
ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەنسىز كۈلمەس راھەت بولبۇلى.

سەن بىر ئۆمۈر بىزگە كۈچ - مادار،
سەن كەلتۈردۈڭ بىزگە نەۋباھار.
سەن ئاجايىپ سېخى - مېھرىبان،
سەندىن بەھىر ئالىمىز تەكرار.
ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
سەن يوللارنىڭ، يولنىڭ ئېسىلى.

سەن بىز ئۈچۈن بول مەڭگۈ ئامان،
بولار سەندە توساقلار گۇمران.
سەنسىز ۋىسال قۇچقان نەدە بار،
سەن ھەركىمنىڭ يارى مېھرىبان.
ئېھ يۇرتۇمنىڭ خىسلەتلىك يولى،
بولماس سەنسىز بەخت تاپقىلى...

# ئۈچ تەھرىركە مۇۋەششەھ

غوجەمۇھەممەت مەممەت

## مۇقەددىمە

دىلدا ئېرپان ئەھلىگە تۇرغاچ مۇھەببەت جۇش ئۇرۇپ،
بىر گۈزەل سەۋدا مېنى قويغاچقا ھەم قايمۇقتۇرۇپ.
ئول مۇۋەششەھ باھانىسىدا ئەيلىدىم ئىزھار كۆڭۈل،
پەسلىتىش، ماختاشنى نەزمەمدىن تۈگەل ياتلاشتۇرۇپ.
ئاچچىقى بولسا سۆزۈمنىڭ دەپ چۈشەن چاقچاق ئۇنى،
تاتلىقى بار تەكتىدە كۆرسەك زېرىكمەي ئاختۇرۇپ.
ھەر قاتاردا باش ھەرپنى بويلىبان سىلجىپ تۆۋەن،
ئۆز نەسىۋەڭنى قولۇڭغا ئال بۇرادەر تاپشۇرۇپ.

1

مۇۋەششەھ يازمىقىم ئۇستاز سالامدىن سۆزگە ئېيتماقتۇر،
ئەلەمنى كۆلكىدە پەرلەپ قەلەمدىن بال تېمىتماقتۇر.
تىلاۋەت ئەيلىبان پەنگە قىيام بولغاچقا خوپ ئۆمرۈڭ،
قىياپەت-تەسۋىرىڭ شەمشاد، مېۋەڭ ھەم خۇددى قايماقتۇر.
ئازازۇل ئويلىرىڭ تۈندە مېڭەڭنى تەپسە توپ ئەيلەپ،
سىياقىڭ ئەينى سەيياد، ئوۋ - ئويۇڭغا سالما سالماقتۇر.
ئىزدىققان قۇش ئىدىم كۆكتە قونارغا خانۇمانى يوق،
ماڭا بىر خانە كۆرسەتتىڭ كى، قەلبىم بەكمۇ ئامراقتۇر.
ئازاپەت - دەردتە يەر تاپقاچ ئۇچۇشقا سەن ھامان خۇشتار،
باھادىر ھېسلىرىڭ ئەينى زىلالدەك ساپ ۋە ئويناقتۇر.
دىيانەت سىرتىمىقى روھىڭ گېلىنى بوغمىغاچ زىنھار،
ئۇلاشماس كۆيلىرىڭ رەنجىگە، رەنجىسىز كۆيلىرىڭ ساقتۇر.
رەھمىتى مىڭلاپ ھەۋەسكارنىڭ دىلىڭنى پەپىلەر مەيىن،
ئارامخور بولمىغاچ ئىشقىڭ، دىلىڭ ھەم تەڭلا ئويغاقتۇر.
خىيابان ھالىتىڭ پۈتمەس خىيالغا چۆمگىنىڭ دەل - گەل،
ماڭا بىرلە بىزە قۇت بەرگىن، پېقىر شۇ قۇتقا مۇشتاقتۇر.
ئالدىراپ تەئرىپىڭ قىلدىم قەلەمگە باقمىغاچ ئىلھام،
نالايىق كۆيدىكى مەقسەت: سالامىم ئۆزرە چاقچاقتۇر.

2

روزىغار بەرگىن كۆيۈگىدىن ئەي سېخى ئۇستاز ماڭا،
ئول سېخى ئۇستازلىقىڭ بولسۇن ھامان ئەنداز ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زەخمىناك مىسراللىرىمغا ھەر قاچان مەلھەم كېرەك،
ئىزلەيمەن ياتتىن ئۇنى ، بەرگىن ئۆزۈڭ ئاز-پاز ماڭا.
ساھىبى بولغاي جاھاندا ھەر كىشىنىڭ ھەر قاچان،
ئاز ئەمەس ساھىب دىيارىمدا ، ئۆزۈڭلا ساز ماڭا.
يايرىتار دىللارنى يەرلىك تىلدا يازغان كۈيلىرىڭ،
ئىدرىكىم چاغلىق، لېكىن ھەر بىر قۇرۇڭ تەنناز ماڭا.
تەشنالەۋمەن مەي كەبى مىسراللىرىڭغا مەن ھامان،
يازغىنىڭ ئالەمچە بار ، لېكىن تېخى كۆپ ئاز ماڭا.

3

سەياقىڭ باغۇ گۈلزاردا ئېچىلغان گۈلگە ئوخشايدۇ،
ئىلىمگە زار دىلىڭ سۇغا ئىنتىزار چۆلگە ئوخشايدۇ.
«دېرەك» لەر قەسىرى زەۋقىڭدە بېھىشنى شەرمىسار قىلغاي،
ئىدرىكىڭ ئاي جۇلا تاپقان سۈپسۈزۈك كۆلگە ئوخشايدۇ.
قارا دىل جاڭگىلى ھەر ئان سېنىڭدىن شام ـ سىراج تاپقاچ،
قارا كۆز ساقى ـــ دىلكورلار نەپىسىز نۆلگە ئوخشايدۇ.
ئادالەت قۇرلىرى سەندە ئۆزىنى ئەيلىسە زاھىر،
ۋابالىغ پىتنە يالقۇنى شۇ ھامان كۈلگە ئوخشايدۇ.
ئۇچۇرۇپ ماختىغان بولماس، قىلىنسا تەئرىپىڭ مۇنداق،
زادى ئۇ گۈلگە نە گۈلكى گۈلگە ھەم ئۆلگە ئوخشايدۇ.

◁------------------▷

# شېئىرلار

ئۆمەرجان ئىسمايىل

## چىقتىمۇ؟

سۆي دېسەم، سۆيمەي دېدىڭ، بۇ سۆز يۈرەكتىن چىقتىمۇ،
مەن سۆيۈپ كەلگەن چەۋەر، تۈيغۇن زېرەكتىن چىقتىمۇ؟
داڭ قېتىپ قالدىم تاياقتەك، باشتا مىڭ چاقماق بوران،
بۇ جاۋاب ياردىن ئەمەس، يەردىن ـ پەلەكتىن چىقتىمۇ؟
سۈرۈلۈپ ئاگدىن مانان، يارغا تىكىلدىم تاتىرىپ،
سوردىم: ئېيت دىلبىرىم، ئەقلىڭ كېرەكتىن چىقتىمۇ؟
كۈلدى يار، ئالدىمدا گۈل، تەۋرەندى ئوت يالقۇن چېچىپ،
سوردى: بۇيرۇق ماڭا سەندىن بۆلەكتىن چىقتىمۇ؟

چاچقا ئاق كىردى سۆيۈپ، سادىق، ۋاپالىق يار بولۇپ،
بۇ هوزۇر، بەختىڭ ئويۇن، يا گۈل - چېچەكتىن چىقتىمۇ؟
مۆكدىمۇ، خۇشلۇقتىمۇ، بىللە بولدۇق بىر ئۆمۈر،
دىلبىرىڭ هىجران تۈنىدە ياكى چەكتىن چىقتىمۇ؟
بەزىلەر شوخلايدىكەن دىلبەرگە يانداپ يار تۇتۇپ،
بىلمىدىم، يا ئاشىقىم ئەييار كەمەكتىن چىقتىمۇ؟
سۆيۈلۈپ، ئوخشاش سۆيۈپ، چۈشمەپتۇ ئوغرى سۆيگۈگە،
مۆگدىمە، مەن، سەن بۇ بىز، ئەقلىڭ كېرەكتىن چىقتىمۇ؟

## يار ئەتكىلى

كەلدى بىلسەڭ بۇلبۇلۇڭ، كۆڭلىنى ئىزهار ئەتكىلى،
نە كۆڭۈل دىلبەر سېنى مەڭگۈ چىمەنزار ئەتكىلى.
بىر كۆرۈپ پۈكتى كۆڭۈلگە: «ماڭا لايىق گۈل ئىكەن»،
— خوپ ياراتىپتۇ خۇدا ئۆمرۈمگە گۈل يار ئەتكىلى.
پەرى - پەيكەر سارغىيىپ ياستۇق باغاشلاپ ياتىمسۇن،
يەتكۈدەك بۇ هال تولۇق بۇلبۇلغا ئاھ - زار ئەتكىلى.
بىل، تاسادىپ ئۇچرىشىش بەختىڭ نۇرىدۇر گۈل سەنەم،
پۈتكىنى تەقدىر مۇشۇنداق، بولمايدۇ ئىنكار ئەتكىلى.
ياندا سۇ، بىر باغدا بىر گۈل چاڭقاق سولاشسا ۋاي ئېسىت،
بىرىگە بىرىنى جۈپلەپ بولغاي گىرىپتار ئەتكىلى.
زار ئىكەن بۇلبۇلغا گۈل، گۈلمۇ ۋىسالغا ئىنتىزار،
بىرسىنى بىرى كۆڭۈلدە بوپتۇ ئۇزۇن يار ئەتكىلى.
ئاغرىقىڭنى بىلمىدىڭ، ياستۇق باغاشلاپ تولغىنىپ،
ئاھ ئۇرۇپ تاڭ يورىماي، ئۇيقۇڭنى بىدار ئەتكىلى.
كۆكرىكىڭ جەننەت باهار جۈپ ئالمىدا لەززەت هوزۇر،
تالى مەجنۇن بويلىرىڭ بىر ئوت خېرىدار ئەتكىلى.
كۈت جېنىم، كۈلدى بەخت، باغىڭغا شەيدا ئاشىقىڭ،
ئاغرىقىڭ تاپسۇن شىپا، تۇر، دەردنى تارمار ئەتكىلى.
قىممىتى ئۈستۈن تاۋاردۇر پەن - بىلىم، مەنسەپ - ئورۇن،
ئوت كۆيۈپ لەهەڭ تۇغۇلدى يول تورارلار نەپسىدىن.
بۇ دېگەن «نەپ ئالىمى» مىش، ياتنى ئۆز قىلغاچقا پۇل،
يەيدۇ تىغ بۇ خىل قاراشنىڭ قاتىلى ئۆز نەسلىدىن.
نەپ ئۈچۈن ۋىجدان، هايا بىر پۇل قىلىندى ۋاي ئېسىت،
سۈت بىلەن سىڭگەن تېنىمگە بۇ خۇي چانابىنىڭ ئەسلىدىن.
كىم ئۈچۈن ئىستەك ئەمەس، هۆر - باياشاد كۈن كۆرۈش،
بۇ ئاسايىش لەززىتى ئارتۇقچۇ هەم يار ۋەسلىدىن.

www.uyghurkitap.com



گەپ چىرايلىق بىباھا، ھۆرمەتتە سالماق نەپ بىلەن،
نەپ ئۈچۈن چىقتى خېزىرمۇ ئۆز سۆزىنىڭ ئەكسىدىن.
كىم يېسە كۆپلەپ قاماللاپ جاھاندا بولدى گەپ شۇنىڭ،
قالمىدى دەم تارتسا يىلپىز نەپتە باغچا — يەسلىدىن.
مەقسىتىڭ گال تويغۇزۇشمۇ، ياشماي قالغىن دۇرۇس،
ئەكسى ھالدا شەرمىسارسەن مەندەك بىتاقەت ئەسكىدىن.

## بولدۇم

ھاياتنىڭ ئەگلىكى تاسقاپ، سېلىپ داد بى نىشان بولدۇم،
چۈۋۈلدى تارىخىم نەچچە، دېدىم: «مەن شۇ» ئايان بولدۇم.
ئۆمۈرنىڭ ئوتلىرى تاۋلاپ، پىشۇردى ساپ قىلىپ يالقۇن،
سەۋەب مەيدانغا چۈشمەستە تورسۇن، تەلۋە، نادان بولدۇم.
ئۈچرىدى كۆپ تاسادىپلار: «بولارمەن ئارپا» دەپ ئۈچتۇم،
بىراق، خاماندىكى چەشتىن، يىراقلاپ خەس - سامان بولدۇم.
دېدىم توڭغانغا تون بەرسەم، تۇتاي تەشنا ئۈچۈن زەمزەم،
چۈشۈپ قولتۇقلىغان تاۋۇز، ئىشەنگەنگە يامان بولدۇم.
ساۋاقلار بابىدىن قامۇس، يېزىپ ئوبدان ئوقۇپ كۆرسەم،
ئۆزۈمنى - ئۆزگىنى بىلدىم، جىمى دەردتىن ئامان بولدۇم.
خىيالغا مۇپتىلا بولدۇم قاراپ ئالدىمغا - ئارقامغا،
خاتا ئەسكە چۈشۈپ بىردىن ئۇدۇل يولغا راۋان بولدۇم.
تۇتەكلەر تارقىدى كۆزدىن، قۇياش بالقىپ قارارىدا،
ئىپار تارقاپ گۈلىستانغا، كىشىگە بى گۇمان بولدۇم.
دېمەسمەن ئەندى ھەر كىمگە كىيىپ قالپاق، قىلىپ شۈكرە:
— ئۈزۈن يىل دەردۇ ۋاشەتتە تىنالماي بى زۇۋان بولدۇم.
ھاياتتىن زوقلىنىپ كۈلدۈم، تۇغۇلغان كۈنلىرىم تويدا،
ھاياتلىق تېنىگە ماغدۇر قوشارغا يېڭى جان بولدۇم.
جىمى گۈلشەن — دالا - سەھرا ماڭا ماس بىباھا تۇپراق،
چۆمۈپ كەۋسەر — يورۇق نۇرغا ياراشقان ياخشى دان بولدۇم.
زېمىنىنىڭ كۆكسى گۈل - كىمخاپ، ئېقىن ئەۋجىدە مەن قەترە،
كىشىلەر كۆڭلىگە رىشتە قوشۇپ نەزمەمدە جان بولدۇم.
كۆڭۈلنىڭ كۈيلىرى كۈنگە چېچەپ ئوت، كۆككە چىرماشتى،
سىڭىپ ھايات ھاۋاسىغا، يۈرەككە مىسلى قان بولدۇم.
بەخت سىماسىدۇر تەندە، باقاركەن ماڭا ھەر بەندە،
بۈگۈن ئامەت - سائادەتتىن ئۈرۈپ خەندە بايان بولدۇم.
تىلىم يالقۇن، سۆزۈم چاقماق باھادىرمەن شىكارگاھتا،
باھار - بوستاندا تەختىمدە غۇرۇر باھىدا خان بولدۇم.
كۈلۈپ ئارمانلىرىم شاخلاپ، زەپەر تاپتىم دەقىقەمدىن،
ۋەتەنگە بى گۇمان سادىق، خەلققە مېھرىبان بولدۇم.

## تاماكاڭنىڭ تۈتۈنى بولاي

**روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ**

(تىز تىلىدىن)

تۇرۇپ قالدىم يىراقتا يەنە،
بارالمىدىم قېشىڭغا دەرھال.
تۇرۇپ قالدىم لېۋىڭنى چىشلەپ،
كۆرمىگەنسەن مېنى ئېھتىمال.
ئولتۇرىسەن تەنھا، يىگانە،
ئۆزگەرمىدى كۆپتىن مۇشۇ ھال.
كۈندىكىدەك ئېپ كېلەر يەنە،
تاماكىڭنىڭ ھىدىنى شامال.
ئۆتتى كۈنلەر شۇنچە مەنىسىز،
قېيداپ يۈرۈپ تۆكۈشمەي مۈڭ - ھال.
تۇرار مانا يىللار سوۋغىسى،
يۈزىمىزدە قورۇق ۋە ساقال.

تۇرۇپ قالدىڭ ماڭا تىكىلىپ،
كۆزلىرىڭمۇ ياشلاندى غىل - پال.
يۈرىكىمدىن ئېتىلدى بىر سۆز:
«ئاھ، مەن ئاشۇ ئازغان ئايجامال!»
تۆكۈلمەكتە غازاڭلار مەيۈس،
بوپ قالماقتا دەرەخلەر قاقشال.
تۇرماقتىمىز ئۈنسىز ياش تۆكۈپ،
ھېچقايسىمىز سۆز ئاچماي ئاۋۋال.
كۆزلىرىمگە قاراپ مۇشۇنداق،
تاماكاڭدىن بىر تال چېكىۋال.
تاماكاڭنىڭ تۈتۈنى بولاي،
ئاھ ... مېنىمۇ شوراپ يۇتۇۋال.

◁∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘▷

## پەن دەپ

**قادىر تۇردى**

ساۋاق بەرگەندە ئۇستازلار گۆھەرنىڭ گۆھىرى پەن دەپ،
مۇھەببەت باغلىدىم پەنگە تەسەددۇق جان بىلەن تەن دەپ.
ئىلىم - پەن كەينىدىن چاپتىم ھېسابسىز كۈچ، ئەقىل تاپتىم،
چۈشەندىم پەن ئۈچۈن چەككەن جاپانىڭ مېۋىسى قەن دەپ.
ئىشىمدا شان - شەرەپ قۇچتۇم، زەپەر ئاسمىنىدا ئۇچتۇم،
بۇلاقتەك ئۇرغۇدى پەنگە مۇھەببەت ئۇلغىيىپ ئەندەپ.
قۇۋۋەت چەكسىز ئىكەن پەندە شىجائەت ئۇرغۇدى تەندە،
بىراۋ دۈچ كەلسە مۈشكۈلگە شۇئان چاپتىم يېگەي مەن دەپ.
كۈچۈمنى كۆپكە بەخش ئەتتىم، جاپاسىنى يېڭىلەتتىم،
كۆتەردى باشىدا خەلقىم پىداكار ئوغلىمىز سەن دەپ.
جاھاننىڭ سىرلىرى چەكسىز ئۇنى ئىنسان ئاچار شەكسىز،
چۈشەنسە بارچە تىلسىمنى ئېچىشنىڭ ئاچقۇچى پەن دەپ.

## ۋاپاسىزغا

### مەتتوختى ياسىن

بۇلاق كۆزلەر تىكىلسە ماڭا،
تۇيۇلىدۇ دۇنيا باشقىچە.
غىدىقلايدۇ سەزگۈ تۇيغۇمنى،
ھەر كۆزدە بار مەنا باشقىچە.

بۇلاق كۆزلەر تىكىلەر ماڭا،
قارىچۇقلارنى نۇرلاردىن بېزەپ.
بىر ئىشقىنىڭ كۈيى بار ئۇندا،
تىكىلىدۇ سۆيگۈمنى تىلەپ.

يۈرىكىمدە بىر شېرىن تۇيغۇ،
بىر تىلەككە ئىنتىلەر سوقۇپ.
(ۋىسالىغا يەتسەم ئارمانىنىڭ،
يار لېۋىگە بىر تاتلىق ئۆپۈپ).

سېنىڭ ئۇچۇن باغلانغاندا بەل،
بۇلاق كۆزنى تىكتىڭ ئۆزگىگە.
— جاۋاب بەرگىن ئىشقى دىۋانە،
سەن ئالدىڭمۇ مېنى ئەسىرگە؟

مەيلى يەنە قىلمايسەن ئەپسۇس،
پاك سۆيگۈنى تاپمەن ئاخىر.
بىراق ساڭا ئاخىرقى سۆزۈم،
ۋاپاسىزلار سۆيگۈگە قاتىل.

◁∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘▷

## بولۇپ قالدى كەپەك تاۋاپگاھ

### تۇرسۇن ناسىر

ئەمەس ئۆزى شاھانە قەسىر،
نۇر ھۆسنىدىن كۆز چاقنايدىغان.
ئاددىي تامدىن ياسالغان كەپە،
ھەر كۈنىسى مەن يوقلايدىغان.

تال باراڭلىق ئەمەس ھويلىسى،
رەڭگا رەڭ گۈل تارقاتماس ئىپار.
چىڭگىلىكلەر قاپلىغان ئۆينى،
ھەر كۆرگەندە قەلبىم شادلىنار.

شۇ ماكاننى قۇچاقلار ھامان،
سېغىنىشتىن ئېيتقان شوخ ناخشام.
دىل تارىڭنى چەكمەمدۇ جانان،
سادالىرىم ھەر كۈنى ئاخشام.

شۇ ماكاندا كۆرگەن مەن سېنى،
بولغان كەپەك ماڭا ئارامگاھ.
شۇندىن بېرى مېنىڭچۇن جانان،
بولۇپ قالدى كەپەك تاۋاپگاھ.

ئاشۇ غېرىب كەپەڭدىن نىگار،
تىنىقىڭنى يۇراپ كېتىممەن.
ناخشا بىلەن چىللاپ مەن سېنى،
ۋىسالىڭغا قاچان يېتىممەن؟

◁∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘◁∘∘∘▷∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘∘▷

## سەھرا يولىدا

### توخسۇن ھۆسىين

كېتىپ بارار چىغىر يول بىلەن،
يېچىرلىشىپ بىر جۈپ يىگىت-قىز.
يەلەك ھالقىپ سۆيگۈ ئۇچقۇنى،
ئاپئاق يۈزىدە قالدۇرىدۇ ئىز.

كىرپىكلەردە ئۇچار ئىلاڭگۇچ،
پاك سۆيگۈنىڭ ۋىسال يالقۇنى.
لەۋلەر ئارا چېچەكسىمان نۇر،
سايىسىدا بەخت شاۋقۇنى.

# يېزا تەسراتى

( چاتما )

## ئىدىرس مەتسيىت

### مۇقەددىمە

بۇ قوشاقىنى توقۇدۇم لەيلىزارىم ئىشقىدا،
تاڭ نۇرىدا ياشنىغان بەختىيارىم ئىشقىدا.
پارتىيىنىڭ سۆزىنى قورال قىلىپ جەڭ ئارا،
ئۇزۇپ چىققان بەيگىدە گۈل ئۇزارىم ئىشقىدا.
يېڭى پەرمان ، فاڭجېنىنىڭ باھارىدىن نۇر ئېمىپ،
بېيىش تاپقان گۈللىگەن دىل خۇمارىم ئىشقىدا.

### چىمەنگە

غەلىبە بىلەن تۈگىتىپ ئوقۇشۇمنى شىئەندە،
قايتىپ كەلدىم يېزامغا — مېھرى ئاتەش چىمەنگە.
تاشتى مەندە جاسارەت ، خۇشال سەزدىم ئۆزۈمنى،
نۇرغا چۆمگەن يېزامنىڭ جامالىنى كۆرگەندە.
ئۇزلىشىپتۇ زىلچىدەك يېزام قوينى - گۈلزارى،
كاككۇك خىجىل بولماقتا خەلقىم خۇشال كۈلگەندە.

### تاش ئۆستەڭ

ئېلىنىپتۇ تاش ئۆستەڭ ئېدىرلارنىڭ بېلىدىن،
كېلەر ئىكەن كۈمۈش سۇ شاۋقۇن سېلىپ ئېرىدىن.
سېلىنىپتۇ تاش تۈمەل ، سېمونتتىن زاكۇسى،
خۇرسەن ئىكەن دېھقىنىم بۇ دەۋرگە دىلىدىن.
توسۇن سۇمۇ كۆنۈپتۇ ، باش ئېگىپتۇ تەبىئەت،
ئاقار ئىكەن شىلدىرلاپ قىز - يىگىتلەر ئىزىدىن.
سۇغا قېنىپ كۆچەتلەر بوستان بوپتۇ ھۆر يېزام،
كېلىپ تۇرار خۇشپۇراق لالە - رەيھان ھىدىدىن.

# سىر يوشۇرار غۇۋا ئاي نۇرى

ئوسمانجان دۆلەت

يوروۇقلۇقنى سۇمۇرۇپ كۆكۈم،
ياپتى زېمىن چېھرىگە پەردە.
سۇكۇناتقا چۆمدى بۇ ئالەم،
كىشنەر سۆيگۈ خىياللار ئىچرە،

شىۋىرلىشار ياپراقلار ئەنسىز،
ۋۇجۇدىغا ئولىشىپ تىترەك.
تەھسىن ئوقار نومۇسچان ئايغا،
سېغىنىشتا يانغان چوغ يۈرەك.

سىر يوشۇرار غۇۋا ئاي نۇرى،
مېھىر تۆكەر لەۋلەر ئوت ئىچرە.

ئېچىلىپ چىمەن سۆيگۈ گۈللىرى،
تىنىقلاردىن چېچىلار ئەتىرە.

سۆيگۈ تولغان سېھىرلىك كېچە،
جۈپ قەلبىدە كۈلەر نەۋ باھار.
تەشنا كۆزلەر ئوت بولۇپ چاقناپ،
قىلار پىنھان سىرلىرىدىن ئىزھار.

سۇس چاقنىغان غۇۋا ئاي نۇرى،
تەشۋىشلەنمە سىر ساقلا ئەبەد.
كۆڭۈللەرنى تەۋرىتىپ لەرزان،
لىرىكىلار ئوقار تەبىئەت،

# ئۆملۈك ئوبرازى

ئېلى قادىر

پەلەكتىن سىرغىغان ئەي زۇمرەتتامچە،
غۇنچىلار بەرگىنى سۆيدۈرگەن يامغۇر.
خىجىللىق ئىلكىدە تاشلايمەن نىگاھ،
مادار يوق بېقىشقا ، سىلەرگە مەغرۇر.

سىلەردە بار ئۇلۇغ تەڭداشسىز قۇدرەت،
دال بولماس چوقچايغان ئېگىز تۈغ-قەسىر.
ئاقباش تاغ بۆك ئورمان ۋە كۆنگەي دالا،
باش ئېگىپ سىلەرگە بولىدۇ ئەسىر.

يەكمۇ يەك تۆكۈلۈپ بۇلۇت باغرىدىن،
تۇپراقتا لەۋ يېقىپ بولىسىلەر جەم.
بەستىگلار ياسايدۇ دەھشەتلىك قىيان،
ھۆركىرەپ جىرادا ئاقىسىلەر ھەم.

بۇلۇتلار باغرىدا چېقىلسا چاقماق،
ۋىجدانىم خەلقىمنى قىلىدۇ دەۋەت.
ئېلىڭلار ئۆملۈكتە يامغۇردىن ئەندىز،
بولغۇسى سىلەرگە ئۇتۇق يار ئەبەد.

# سەرسان خىياللار

(نەسىرلەر)

ھاجى ئەخمەت

## ھايات

بۇ — مېنىڭ ئاتا مىراس ئۆيۈم...

مەن قىشىن - ياز ئۇنىڭ ئىچىدىن ئوتنى ئۈزۈلدۈرمىسەممۇ، لېكىن ئۇنى زادىلا ئىسسىتالمىدىم.

ئۆمۈر بويى تىرىشىپ - تىرمىشىپ مال-بىسات يىغساممۇ، ئۇنى ھەرگىز تولدۇرالمىدىم.

ھەر كۈنى يۇيۇپ - سۈپۈرۈپ تۇرساممۇ، لېكىن ئۇنى چاڭ - توزان ۋە ئۆمۈچۈك تورلىرىدىن تازىلىيالمىدىم.

ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئېچىپ ھاۋالاندۇرۇپ تۇرغان بولساممۇ، لېكىن ئاستىدىن زەي ئۆرلەپ تۇرغاچقا، ئۇنى قۇرۇتالمىدىم.

ۋاقتى - ۋاقتىدا بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئوڭشاپ - تۈزەشتۈرۈپ تۇرغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنى خارابىگە ئايلىنىشتىن ساقلاپ قالالمىدىم...

## ئىزدەش

بوۋاي ئورۇق ۋە ئاجىز گەۋدىسىنى ئاران - ئاران كۆتەرگىنىچە، ئەگرى ساپلىق ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ كەلمەكتە، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئۇچى ئۇپۇققا تۇتاشقان چىغىر يول سوزۇلۇپ ياتاتتى.

بوۋاي گاھىدا ئالقىنىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلىسا، گاھىدا نېمىنىدۇر خىيال قىلىۋاتقاندەك تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپ قالاتتى. بىردەم ئالدى تەرەپكە قاراپ ماڭسا، بىر دەم ئارقىغا قايتىپ، بىرەر نېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك ئوڭ - سولىغا سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتى.

قويۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا بۆدىنە تۇخۇملىرىنى تېرىپ يۈرگەن بىر بالا ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى - دە:

— بوۋا، سىزمۇ بۆدىنە تۇخۇملىرىنى ئىزدەپ يۈرەمسىز؟ - دەپ سورىدى.

بوۋاي بالىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىغاندەك بىرپەس ھاڭۋېقىپ تۇردى-يۇ، بىردىنلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، ئويچان ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— ياق ئوغلۇم، مەن بۆدىنە تۇخۇمىنى ئەمەس، مۇشۇ يوللاردا تايچاقتەك قىيغىتىپ ئويناپ يۈرۈپ، يۈتتۈرۈپ قويغان بالىلىقىمنى ئىزدەۋاتىمەن!...

## كىچىك قۇياش

مەن ھالرەڭ شەپەق ئارىسىدا قىزىل ياقۇتتەك جۇلالاپ تۇرغان كىچىككىنە قۇياشنى كۆردۈم. تەسەۋۋۇر ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىۋىدىم، يامغۇردەك تاراسلاپ يېغىۋاتقان قىزىل قان ئۈستى-بېشىمغا چاچرىدى. سىنچىلاپ قارىسام ئۇ دەردمەن ئاشىقنىڭ سۆيگۈ ئۇپۇقىدا قانسىراۋاتقان يۈرىكى ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


## زېرىكىشلىك ئەپسانە

مەن قىزچىقىمغا چۆچەك سۆزلەپ بې-
رىۋېدىم، بەكمۇ قىزىقىپ ئاڭلىدى. چۈن-
كى ئۇ چۆچەكتە سۆزلىنىۋاتقان ئىشلار-
نىڭ راستىنلا شۇنداق بولغانلىقىغا چىن
كۆڭلىدىن ئىشىنىپ قالغانىدى.

مەن قىزچىقىمغا ئۆز بېشىمدىن ئۆت-
كەن كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرىۋې-
دىم، ئۇيقۇسىراپ ئەسنەشكە باشلىدى.
چۈنكى ئۇ رېئاللىقتا مۇنداقمۇ ئىشلار-
نىڭ بولىدىغانلىقىغا ئەسلا ئىشەنمىدى.

## پەرق

دانىشمەن كۈلۈۋېدى، نادان يىغلىدى،
نادان كۈلۈۋېدى، دانىشمەن يىغلىدى.

## يوقىتىش

چېھرىڭنى ئايغا ئوخشاتقانىدىم، سې-
رىگەر كۆز قارىچۇقلىرىڭدا سوغۇق نۇر
جىلۋە قىلدى.

مېھرىڭنى كۈنگە ئوخشاتقانىدىم، گى-
لاستەك لەۋلىرىڭدە سۈنئىي تەبەسسۇم
پارلىدى.

ئەپسۇسكى، مەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن
ئاي بىلەن قۇياشتىن مەھرۇم بولدۇم!...

## ئىز

بوز توشقان قارلىق دالانى كېسىپ ئۆت-
كەنىدى، ئاق قەغەزگە سىزىلغان نەقىش-
تەك، قار ئۈستىدە چېكىم - چېكىم ئىز
قالدۇرۇپ كەتتى.

قارا تۈلكىمۇ شۇ يولدىن ئۆتتى، بى-
راق ئۇ قۇيرۇقىنى قار ئۈستىدە سۈپۈر-
گىنىدەك سۆرەلدۇرۇپ ماڭغاچقا، ئۆزىدىن
ھېچقانداق ئىز - نىشان قالدۇرمىدى.

مەھەللىدىن ئۇۋ مىلتىقىنى كۆتۈرۈ-
ۋالغان بىر بالا چىقىپ كەلدى ۋە ئەت-
راپنى بىر دەم كۆزىتىۋالغاندىن كېيىن،
قار ئۈستىدىكى ئىزغا ئەگەشتى.

## سۈكۈت ئىچىدىكى تاقابىللىق

ئارقامدىن سۆز - چۆچەك توقۇپ يۈر-
گىنىڭنى ئاڭلىساممۇ، قۇلىقىمنى يوپۇ-
رۇۋالدىم.

مۇئامىلىدە كۆڭلۈڭدىكىنى چاندۇرۇپ
قويغان بولساڭمۇ، يات قىلىقلىرىڭنى
كۆرمەسكە سالدىم.

ئوچۇق - ئاشكارا خىرىس قىلىپ قە-
دەممۇ قەدەم قىستاپ كەلسەڭمۇ، پەرۋا-
يىمغا ئالمىدىم.

جىم تۇرغىنىمغا قاراپ «قورقانچاق-
مىكىن» دېمە، بۇ — قورققانلىقىم ئەمەس،
بەلكى سېنى مەنسىتمىگەنلىكىم!

چاكىنا - زوغۇيلارغا تاقابىل تۇرۇش-
نىڭ بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق چارىسى نە-
دە بار؟...

## ئەكس سادا

خۇشاللىقىمنى باسالماي قاقاقلاپ كۈ-
لۈپ كېتىۋېدىم، كەلدى يىراقتىن بىر
سادا: «مۇنچە ئەخمەق بولارسەنمۇ!...»
دەپ؛

ئىزتىراپ ئىچىدە ھۆكرەپ يىغلىۋېدىم، كەلدى يىراقتىن بىر سادا: «مۇنچە قورقانچاق بولارسەنمۇ!...» دەپ؛

ئاغزىم بىسىلماي سۆزلەپ كېتىۋېدىم، كەلدى يىراقتىن بىر سادا: «مۇنچە نادان بولارسەنمۇ!...» دەپ؛

غەزەپتىن بوغۇلۇپ قايناپ كېتىۋېدىم، كەلدى يىراقتىن بىر سادا: «مۇنچە ئاجىز بولارسەنمۇ!...» دەپ؛

«ئەمىسە قانداق قىلاي؟» دەپ سورىۋېدىم، كەلدى يىراقتىن بىر سادا: «مۇنچە گالۋاڭ بولارسەنمۇ!...» دەپ.

## ئالداش - ئالدىنىش

تۈلكە ئۆز بالىلىرىنى ئالدىغىنىدىن خۇشال، بىراق ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۆزىنىمۇ ئالدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟!...

## تەتۈر قىسمەت

گەرچە سېنى پۇرسەت غالىبلىق تەختىگە كۆتەرگەن بولسىمۇ، لېكىن قارغىش ئازابىدىن بىھوشسەن.

گەرچە مېنى پۇرسەت مەھكۇملۇق غارىغا ئىتتەرگەن بولسىمۇ، ئالقىش شارابىدىن مەستخۇشمەن.

## قىزىقارلىق ھېكايە

ئۇ قولىدىكى بېلىق كۆزى قىلىپ تولدۇرۇلغان ئابخىرقى رۇمكىنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، كەيپىياتى بۆلەكچە جانلىنىپ، تېخىمۇ سۆزمەن بولۇپ كەتتى:

— مەن سىزگە قىزىقارلىق بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي، - دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ئۇوينىتىپ، - بۇنى ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەن ۋەقە دېسەممۇ بولىدۇ...

ئۇ ھاياجان ئىچىدە ھېكايىسىنى سۆزلەپ ئاخىرلاشتۇردى. مەن ھەيرانلىقتىن ئاغزىم ئېچىلىپ قالغان ھالدا جىمجىت ئولتۇرۇپ تىڭشىدىم.

— قانداق، ئېيتقانلىرىم راستىنلا قىزىقارلىقمىكىن؟

مەن ئۇن - تىنسىز بېشىمنى لىڭشىتتىم. ھەممىدىن قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ ھېكايىنى مۇندىن ئىككى ھەپتە بۇرۇنقى بىر ئولتۇرۇشتا ئۇنىڭغا مەن سۆزلەپ بەرگەنىدىم.

## ھەسەت

مەن — ئىگەمنىڭ يۈرىكىدە مىدىرلىغان قۇرت.

ئۇ ھەلەكتە مېنى زەھەر سېلىشقا ئۆگىتىمەن دەپ؛

مەن ھەلەكتە ئۇنىڭ يۈرىكىنى يەپ توگىتىمەن دەپ...

## ئارزۇ

مەن ئۇنى قوغلاپ تىنىم تاپماستىن يۈگۈرۈيمەن.

يۈگۈرۈيمەن... يۈگۈرۈيمەن... ئارىلىق قىسقارغانىدەك قىلىپمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا زادى يېتەلمەيمەن. چۈنكى ئۇ گاھ توختاپ، گاھ قېچىپ ئۇۋۇچىنى ئېزىقتۇرۇپ يۈرگەن ئۇۋغا ئوخشايدۇ؛ ئازاب دەشتىدە تەشنالىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان يولۇچى

نىنىڭ كۆز ئالدىدا كۆك دېڭىزدەك يېيىلىپ ياتقان ئالۋۇنغا ئوخشايدۇ. ئالدىمدا بىر ئۇچى ئۇپۇققا تۇتاشقان، تىك داۋان ـ خەتەرلىك ھاڭلارغا يانداش چىغىر يول...

يۈگۈرۈيمەن... يۈگۈرۈيمەن... تىنىم تاپماستىن يۈگۈرۈيمەن...

ئۇپۇقنىڭ چېكى بارمىدۇر؟...

# يۇرتۇمدا باھار

(نەسىر)

ئايگۈل روزى

قاشتېشى يۇرتى ــ مۇبارەك ئەزىز ماكان ، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا تۇپرىقىم. ھۆسنى بىلەن دىلىمنى يورۇتقان تەڭداشسىز ئىللىق مېھرى بىلەن كۆزۈمنى نۇرلاندۇرغان، ئۇلۇغلۇقى بىلەن ياش يۈرىكىمدە ھۆرمەت مۇنارى بولۇپ تىكلەنگەن سۆيۈملۈك گۈل دىيارىم، قاشتېشى يۇرتى ــ پەخىرلىك نامى بار ئانام. تاڭدىكى گۈلگۈن چىراي چولپان يۇلتۇزۇم، سەن مېنىڭ گۈزەل ھەم پارلاق كەلگۈسۈم! ئۆمىدىم ۋە شادلىقىم. تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقىنى قاراقاش دەرياسىنىڭ كەۋسىرى، قۇچىقىڭدا پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقىنى ۋەسلىم ۋە ئارمانلىرىمنىڭ خۇشپۇراق گۈلى. ئېھ، ئەزىزانە يۇرتۇم، مەن سېنىڭ ئىللىق قۇچىقىڭدا يېتىپ ئەمدىلا ئەللەي كۈيىنى ئاڭلاۋاتقان مەسۇمە ئىدىم، تاڭ شاماللىرى يۇمران قوللىرى بىلەن چېكەچاچلىرىمنى سىيلىدى. مەن ئەركە نەرەرىمدە كۆزۈمنى ئېچىپ، سېنىڭ باغرىڭغا تەپەككۇر نەزەرىمنى تاشلىدىم. ۋاھ، كۆزنى يۇمۇپ ئېچىپ بولغىچە ئەتراپنى باھار ھىدى قاپلاپ كېتىپتۇ. باغلىرىڭدا كاككۇك، بۇلبۇللار خۇش ئاۋازلىرى بىلەن خەندان ئۇرۇپ سايراشقا باشلاپتۇ. دېمەك، سېنىڭ ھۆسنىڭ باھار ئاپتىپى بىلەن تەڭ نۇرلىنىپتۇ. ئۇ مېنىڭمۇ باھارىم ، مېنىڭمۇ ھوزۇر ئاپتىپىم!...

ساڭا ئوتلۇق دىلىمدىن ۋەدە بېرىمەن، خىتاب قىلىمەن. يۇرتۇم، مەنمۇ باھار بولۇپ ساڭا گۈزەللىك ئاتا قىلىمەن. مەرىپەت ئىشقىدا پۇچۇلانغۇچى يۈرەك ۋۇلقانلىرىمنى ساڭىلا ئاتاپ، نۇرلىرىڭغا نۇر بولۇپ قوشۇلىمەن.

# دادا، ئېسىڭدىمۇ

(نەسىر)

ئابدۇللا غوجىئەخمەت

بۈگۈن ھېيتنىڭ ھارپا كېچىسى. دادا، مېنى شۇ تاپتا بودۇرۇق قوللىرىنى يېشىل چىمەنزارغا ئوخشايدىغان يوتقاننىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېلىپ، ئەتىرگۈل كەشتىلەنگەن قاردەك ياستۇققا باش قويۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندۇ، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟! ياق،

مەن تېخى ئۇخلىمىدىم. سېنىڭ كۈن پېـ
تىش تەرەپتىكى تامغا ئېسىلغان، كەڭ رامـ
كىلىق سۈرىتىڭ بىلەن پىچىرلىشىۋاتىـ
مەن.

— سەن ھېلىمۇ ئويغاقمۇ؟ -قايسى بىر ناتو-
نۇش دۇنيانىڭ ئادەمسىز يولىدا قويـۇق
قاراڭغۇلۇقنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، يىراق -يىـ
راقلارغا قاراپ ئېقىۋاتقان ماشىناڭنىڭ
نۇر ئېرىقچىلىرىغا تىكىلىپ جىمىدە ئول-
تۇرامسەن؟! ياكى ئۇخلاپ قالماسلىق ئۇ-
چۈن ئاپام بابا سەي ئاقلاۋېتىپ ئوقۇغان
ناخشىنى تىڭشاۋاتامسەن؟! مانا، ھەممىنى
ئېنىق كۆرۈۋاتىمەن. سېنىڭ ماشىناڭ ئا-
دەمسىز، بۇ يەردىن بەك يىراقتىكى بىر
دەشتتە يالغۇز كېلىۋاتىدۇ. سـەن بولساڭ
ماشىنىنىڭ كۈنگە ئوخشايدىغان رولىنى
مەھكەم تۇتقىنىڭچە ئولتۇرۇپسەن.

دادا، راستىنلا بۇ سەنمۇ؟! كۆزلىرىڭ
خۇددى گۆردەك ئولتۇرۇشۇپتۇ. قارايـغان
يۈزلىرىڭنى قويۇق ھەم يىرىك ساقال بې-
سىپتۇ. سېنى «چۆلدىكى شىر» دېسە بول-
غۇدەك.

دادا، ئېسىڭدىمۇ؟! بۈگۈن ھېيت ھار-
پىسى. بابا قۇياش تۇمانلار ئارىسىدىكى
ئېگىز بىر بىنانىڭ كەينىگە ئۆتكەندە بال-
كۈنغا چىقىۋېلىپ، چوڭ يولدىن سېنىڭ ما-
شىناڭنى ئىزلىدىم. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا
سېنىڭكىدەك ئاق ماشىنىدىن نۇرغۇنى كۆز
ئالدىمدىلا ئاقار يۇلتۇزدەك، شاۋقۇن - سۈ-
رەنلەر بىلەن تولغان بۇرەڭگارەڭ شەھەر-
نىڭ سىرلىق جىلغىسىگە قوشۇلۇپ كەتتى.
مېنىڭ بەكلا يىغلىغۇم كەلدى. ئەمما يىغ-
لىمىدىم.

دادا، ئاڭلاۋاتىمەن. ماشىناڭنىڭ ماتو-
رى ھېلىمۇ دەھشەتلىك جىمجىتلىقتا چۆم-
گەن ئۇزۇن، تۈگىمەس يولغا ئۇلۇغۋار ھا-
يات كۈيى تەڭكەش قىلىنغان ناخشىسىدىن
ئۆچمەس نوتا قالدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

دادا، ئېسىڭدىمۇ؟! بۈگۈن ھېيتنىڭ ھار-
پا كېچىسى.

ئاپامنىڭ خانىسى تېخىچە يورۇق تۇرـ
دۇ. ئىشىكنىڭ ياغاچچى مەڭگۈ كۆرەلمەيـ
دىغـان ئـاراشلـىرىدىـن ھـەسرەتلىك
تىنىقلار، ئېغىر خۇرسىنىشلار، سەن مۇھەبـ
بەت تامغىسى بېسىپ ھارمايدىغان مەڭزىمـ
گە لاپ - لاپ ئۇرۇلىدۇ. ئېھتىمال ئانام-
مۇ ئۇخلىغان بولسا كېرەك.

دادا بـەك ئەسكەكەنسەن، مـاشىنىنـى
بەك ئاستا ھەيدەيدىكەنسەن. تېز قايتىپ
كەل، ماشىنىنى ئۇزۇم ھەيدەيمەن.

دادا، ئېسىڭدىمۇ؟!...

◁❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖▷

# چۈش

( نەسىر )

## ئابدۇكېرىم سۇلايمان

تەگرىدىن نىدا كەلدى:

— سەن بۈگۈندىن باشلاپ ئەۋلىيالىق
مەرتىۋىسىگە ئېرىشتىڭ، ساۋابلىق ئىش
قىلسەن، ئىنسانغا بەخت يارىتىسەن.

ئۇ نۇرلىنىپ جۇلالىق تۈس بېرىۋاتقان
قۇياش ئاپتىپىدەك خۇشاللىقتا چۆمدى ۋە
تەگرىگە ئۆزىنىڭ ساۋابلىق ئىش قىلىش
پىلانلىرىنى سۆزلىدى.

تەگرىدىن يەنە نىدا كەلدى.

— سەن ئالدى بىلەن ئاتا-ئاناڭغا مېھ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ري-شەپقەت قىل، ئۇلار قېرىلىقتىن مۆكچۈيۈپ ھاسا تاياققا چۈشتى، كۆزلىرى نۇرسىزلىنىپ كەتتى، ئاناڭنى ئۇن سەككىز ياشلىق گۈزەل قىزلىق دەۋرىگە، داداڭنى يىگىرمە ياشلىق يىگىتلىك دەۋرىگە كەلتۈر.

ئۇ تەڭرىنىڭ ئىلتىجاسىنى دەرھال بەجا كەلتۈردى.

دادىسى بىلەن ئانىسى تەڭرىگە يۈزمىڭ شۈكرى-سانالار ئېيتىپ گۈزەل ياشلىقىنى نامايان قىلدى. تەڭرىدىن يەنە ئىندا كەلدى:

— ياشلىق دەۋرى قانداقكەن؟

— ئۇلۇغ تەڭرىم، ياشلىق ھاياتنىڭ ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان دەۋرى ئىكەن.

تەڭرىدىن يەنە ئىندا كەلدى:

— سەن ئاتا-ئاناڭنى بوۋاق ھالىتىگە كەلتۈر.

ئۇ دەرھال ئاتا-ئانىسىنى ئالتە ئايلىق بوۋاق ھالەتكە كەلتۈردى.

شۇ چاغدا تەڭرى ئۇنىڭغا بىر جۈپ ئەمچەك ئاتا قىلدى.

— سەن،- دېدى تەڭرى،- مۇشۇ ئىككى بوۋاقنى چوڭ قىلىسەن.

ئۇ ئىككى بوۋاقنى ئېمىتەتتى، زاكىلايتتى، قۇرۇقدايتتى. ئاش-تاماق يېگۈزەتتى. ھېلىلا بىرسىنىڭ يىغىسىنى پەس قىلسا، يەنە بىرى يىغلايتتى. ئۇ تىنىم تاپمايتتى. بوۋاقلار چوڭىيىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۆيدىكى نەرسىلەرنى چاقاتتى، بۇزاتتى، ئەگتۈشلىرى بىلەن جېدەل-ماجىرا قىلىپ ئۇرۇشاتتى. ئەتكەن تاماقلىرىنى بىرىنى قىزىق، بىرىنى سوغۇق، بىرىنى تاتلىق، بىرىنى ئاچچىق دەپ خاپا قىلاتتى... ئۇنىڭ تارتمىغان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى قالمىدى. ئۇنىڭ بېلى مۈكچىيىپ قېرىپ ھېچ ھالى قالمىدى. ئۇ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلدى:

— ئى قۇدرەت ئىگىسى، مەن ئاتا-ئانامغا سالغان بارلىق جەۋرى-زۇلۇملىرىمغا، ئۇلارنى خارلىغان بارلىق گۇناھلىرىمغا نەچچە مىڭ قېتىملاپ تۆۋە قىلدىم، بالا بېقىش، تەربىيىلەشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئەمدى ئۇلارنى ئۆز ئەركىگە قايتۇرساڭ...

بۇ، ئۇنىڭ چۈشى ئىدى.

# ئىككى نەسىر

**قەمبەرنىسا**

1

بۇ دەل جۈت-شىۋىرغان تېخىمۇ كۈچىيىۋاتقان ئېغىر كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. مەن ئۇنىڭ قەلب قەسرى ئالدىدا لەۋلىرىم كۆكەرگەن، پۈتكۈل جىسمىم شىۋىرغان سوققان ئاخىرقى ياپراقتەك تىترەۋاتقان ھالدا ئۇنىڭدىن سۆيگۈم ئۈچۈن سەدىقە تىلىدىم. بىراق ئۇ بېشىنى بۇراپلا مېنى كۆرمەسكە سالدى.

مەن كۆزلىرىمدىن دەريا-دەريا ياش ئاققۇزغان ھالدا ئۇنىڭ ھەر بىر ھۈجەيرىسىنى كۆڭۈل ئېكرانىمدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم. تۇساتتىن ئۇنىڭ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ كۆككە قاراپ ئۆكسۈۋاتاتتى. مەن ھەم خۇشاللىق ھەم قايغۇ ئىچىدە ۋىسال جامى-

دىكى دۇغلانغان مۇھەببەت شارابىنى بىرلا
سىلكىپ زېمىن باغرىغا تۆكۈۋەتتىم.

2

دوستۇم ئىككىمىز باغ ئارىلاپ كېتىۋا-
تاتتۇق. توساتتىن ئۇ ھۆپپىدە ئېچىلغان
قىپقىزىل بىر گۈلنى كۆرۈپ، ئۈزمەك-
چى بولۇپ قول سۇندى.

— نېمە قىلىسەن؟ - دېدىم ھەيران بو-
لۇپ.

— بۇلبۇلۇمغا سوۋغا قىلماقچىمەن، -
دېدى ئۇ ماڭا ئوماققىنا بىر كۈلۈپ قاراپ.

— سىنىڭچە بۇلبۇلۇڭ سەن ئۈزۈپ سوۋ-
غا قىلغان گۈلنى ياخشى كۆرەرمۇ؟ - يەنە
سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىدۇ، - دېدى ئۇ.

— سەن يېڭىلىشتىڭ دوستۇم، - دېدىم
ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولۇمنى قويۇپ، كۆزلى-
رىگە تىكىلگىنىمچە، - ھەقىقىي ئاشىق
بۇلبۇل بىردەملىك ھېسسىياتتىن ئۈزۈلۈپ سو-
لاشقان گۈلنى ئەمەس، مەڭگۈ بەرق ئۇ-
رۇپ ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈلنى ياخشى
كۆرىدۇ.

دوستۇم گۈلدىن ئاستا قولىنى تارتتى-
دە، ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

# نەسرلەر

### ئەسئەت ئابدۇقادىر

### پەلىسرات

قىزغۇچ قۇياش ئۇپۇقتىن بالقىپ كۆتۈ-
رۈلگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆز يەتكۈ-
سىز قۇملۇقتا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىشتى.
شۇندىلا قەدەملىرىنى توختىتىشىپ تۆت
ئەتراپقا زەن سېلىشقا باشلىدى. ئەتراپ
دۆمچەك - دۆمچەك قۇم بارخانلىرى بىلەن
ئورالغان بولۇپ، بۇ يەردە ئەزەلدىن ھا-
ياتلىق مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندەك ئى-
دى. ئۇلار نىشاندىن ئاداشقانلىقىنى بىلى-
شىپ، بىر - بىرىگە ئۈمىدسىز قاراشتى ۋە
چارچاپ ماجالى قالمىغانلىقتىن تۇرغان
ئورنىدا لاسسىدە بوشىشىپ ئولتۇرۇشتى.

ئۈچ ئايال ۋە بىر نارەسىدە قىز سە-
ھەردىكى سوغۇق قۇمدا سوزۇلۇپ يېتىشىپ
كېچىچە ماڭغان ھاردۇقنى چىقىرىۋېلىشماق-
چى بولغاندەك كۆرۈنەتتى.

قۇياش كۆككە ئۆرلىگەنسېرى قۇملۇق
قىزىشقا باشلىدى. ئارىدىن ئوتتۇراياش-
لىق ئايال:

— جىم يېتىش—سۈكۈت بىلەن ئۆلۈمنى
كۈتۈشتۇر. بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇراي-
لى، شۇندىلا ھاياتلىق بىزگە قۇچاق ئا-
چىدۇ، - دېدى. ئۇنىڭ سۆزىگە بىرىمۇ ئا-
ۋاز قوشمىدى.

چىڭقى چۈش، يەر - جاھان تونۇردەك
قىزىپ كەتكەندە، ئۇلار ئاندىن ئۆلۈمنى
كۈتۈپ يېتىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى.
قاتتىق چاڭقاشتىن ھەممىسىنىڭ لەۋلىرى
چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەنىدى. نارە-
سىدە قىز ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي «ۋار-
رىدە» يىغلاپ تاشلىدى.

شۇ ۋاقىتتا، پۇرقىراپ چىققان سادىدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھەممىسى چۆچۈشۈپ باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى. كۆكتىن قاناتلىق بىر پەرىشتە چۈشۈۋاتاتتى.

— مەن ئەزرايىل، ئاراڭلاردىن ئۈچ جاننىلا ئالغىلى كەلدىم، قېنى، ئىگەمنىڭ ئەمرىنى قايسىڭلار قوبۇل قىلىسىلەر؟ — دېدى پەرىشتە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشكەندە.

قورقۇنچتىن ھاسىل بولغان زور تىترەك ئۇلارنىڭ تېنىگە ئولاشتى. چىرايلىرى تاتىرىپ، كۆزلىرى قېتىپلا قېلىشتى. خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئوتتۇرا ياشلىق ئايال:

— بالام ئورنىدىكى بۇ قىزچاقنىڭ ھاياتى ئۈچۈن جېنىم تەسەددۇق، — دېدى.

— قىزچاق ئۈچۈن مېنىڭمۇ جېنىمنى ئېلىپ كېتىڭ، — دېدى گۈزەللىكى ئۇرغۇپ تۇرغان قىز.

— ئۇ يەردە سۇ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى نارەسىدە قىز زەئىپ ئاۋازدا.

— بار، ھەممە نېمە بار، — دېدى ئەزرايىل بوغۇق ئاۋازدا.

بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن يىغا ئاۋازى ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. موماي قومغا پۈچۈلىنىپ ھەسرەت بىلەن يىغلاۋاتاتتى.

— ھە، ساڭا نېمە بولدى؟ — سورىدى پەرىشتە مومايدىن.

— بىر پۇتۇمنىڭ خېلىدىن بېرى گۆر ئاغزىدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. شۇنداقتىمۇ ماڭا يول قويساڭلار، ئۆز يۇرتۇمغا تىنچ — ئامان بېرىۋېلىپ، قەۋمىم بىلەن دىدارلىشىپلا ئامانەتنى بەرسەم.

ئەزرايىل ئۈچ جاننى ئېلىپ كۆككە كۆتۈرۈلدى. قۇملۇقتا يىگانە قالغان موماي «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

## تەكلىماكان قىزى

مەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئاجايىپ گۈزەل نازىنىنلارنى ئۇچراتقانمەن. ئۇلارنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مىجەز — خۇلقى، نازلىق بېقىشلىرى، تاتلىق كۈلۈشلىرى... ئىشقىلىپ ئەركەكلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان جىمى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتسۇن، تامامەن كۆيۈپ كۈل بولسۇن.

كىممۇ، سۇرمە ئورنىدا كۆزلىرىگە ئاقۇش توپا سۇرتىۋالغان، تەكلىماكان قۇياشىنىڭ قىزغۇچ نۇرغا چۆمۈلگەنسەممىي، ساددا قىزلارنى جەننەتۇل رىزىۋاندىكى ھۆر — پەرىلەردىن ئەمەس دېيەلەيدۇ.

× ×

مەن كېچىدىن ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. بىر يېنىمدا ئاي، بىر يېنىمدا قۇياش ياتقۇدەك، چۈشتىن ئەجەبلىنىپ رەمبالدىن سورىدىم. ئۇ:

— پات ئارىدا بىر گۈزەل پەرىگە ئۆيلىنىدىكەنسىز، سىزنى قۇتلۇقلايمەن، — دېدى ھەۋەس بىلەن قاراپ.

— تاڭغا يېقىن، بىر قۇش بېشىمغا قونۇۋالغۇدەك، شۇنچە ئۈركىتىپ باقساممۇ بېشىمدىن ئۇچۇپ كەتكىلى ئۇنىمىدى. بۇ چۈشۈمنىڭ تەبىرى قانداقكىن؟ — دەپ سورىدىم يەنە بىر كۈنى رەمبالدىن. ئۇ ماڭا بىر ھازا ھەيرەتتە قاراپ كەتكەندىن كېيىن:

— سىز دۆلەتمەن ئىكەنسىز، بېشىڭىزغا قونغىنى دەل بەخت قۇشى، — دېدى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا، ئايالىم ئىككى بالىنى يېتىم قىلىپ، بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. مېنىڭ بارلىقىمنى بىللە ئېلىپ كەتتى. شۇندىن كېيىنكى كۈنلەردە تالاي چۈشلەرنى كۆردۈم. گاھى يولۋاس ئوۋلاپ، گاھى ئۇچۇپ، گاھى يىلانلار بىلەن ئېلىشىپ... ئىشقىلىپ بۇ چۈشلەرنىڭ تەبىرى ئۈستىدە رەمبالنىڭ يېنىغا بارمىدىم ھەم چۈش كۆرۈشتىنمۇ شۇنداق بەزدىم.

× ×

چۈشۈمدە بۈيۈك، مۇقەددەس مۇھەببەت ئىلاھى ۋېناسقا ئۆيلىنىپتىمەن. ۋېناس مېنى ياخشى كۆرۈپ، مەن بىلەن توي قىلىشقا ئۆزى تەكلىپ قىلغانىمىش.

تويىمىز مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا قىزىپ كەتتى. ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى مۇھەببەت مەستانىلىرى تويىمىزغا قاتنىشىپ، بىزنى قۇتلۇقلىدى. بىز توپ ئارىسىدىن ئۆتكەندە، جىمى كىشى سەجدە قىلىپ تىۋىندى.

ئەجەب ئىش! — مەندەك ئاددىي بىر ئادەمنىڭ تۇرۇپلا، بىر ئۇلۇغ زاتقا ئايلىنىپ قالغانلىقىمغا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى.

ۋېناس مېنى قولتۇقلىغان ھالدا، تەڭرى ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. كىشىلەرمۇ بىزگە ئەگىشىپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى.

تەڭرى بىزنىڭ نىكاھىمىزنى ئوقۇپ بولۇپ، مەيۈس ھالدا، ئۈزىتىپ قويدى. بىز شادلىققا چۆمگەن ھالدا، بىر-بىرىمىزنى باغاشلىدۇق... بىز بىر-بىرىمىزگە يېپىشقان ھالدا كېتىۋاتىمىز. ئەمدىلىكتە كىشىلەر بىزنى كۆرمىگەندەك، ئۆز ئىشى بىلەن بەنت بولماقتا. تېخى ھېلىراقتىكى تەنتەنە سادالىرىدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق. مەن ئەجەبلىنىپ ۋېناسقا قارىدىم. ئۇ مېنى تاتلىققىنا بىرنى سۆيۈپ قويۇپ:

— جىمى مۇھەببىتىمنى سىزگە بەخش ئەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئاددىي ئادەمگە ئايلاندىم، — دېدى. مەن ۋېناسقا زەن سېلىپ قارىسام، ئىلاھلىقتىن بىشارەت بېرىپ تۇرىدىغان ئىككى قېشى ئارىسىدىكى نۇر كۆرۈنمەيدى. مەنمۇ ۋېناسنى ئۆزۈمگە تېخىمۇ چىڭ تارتىپ، ئىككى قېشى ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇنغا ئۇزۇنغىچە ئېزىپ سۆيدۈم.

◁♔♔♔♔♔♔♔♔♔♔♔♔♔♔♔♔♔♔♔▷

## بەخت

(نەسىر)

**ئەركىنجان ئابدۇللا**

بەخت نەدىدۇ؟

مەن بىلىمەن: ئۇ، كۈندۈزى قۇياش ئۈزۈپ ئويناۋاتقان، كېچىلىرى يۇلتۇزلار جىمىرلاۋاتقان بىپايان ساما قوينىدا. بولمىسا ئىنسانلار ئالەم بوشلۇقىغا يۈرۈش قىلامتى.

بەخت نەدىدۇ؟

مەن بىلىمەن. ئۇ سۇلىرى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىز ئاستىدا. ئەنە ئاۋۇ غەۋۋاسلا بەختنى سۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن سۇ ئاستىغا شۇڭغىدى.

بەخت نەدىدۇ؟

مەن بىلىمەن: ئۇ يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا مۆكۈنۈۋالغان. قارىغا، نېفىتچى تاغىلىرىم ئۇنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن قاتتىق يەر قاتلاملىرىنى بۇرغىلاۋاتىدۇ.

بەخت نەدىدۇ؟

مەن بىلىمەن. ئۇ گىگانت تاغلارنىڭ قوينىغا يوشۇرۇنۇۋالغان، بولمىسا خاڭچى تاغىلىرىم تاغلارنىڭ باغرىنى يېرىپ يۈرەمتى...

بەخت نەدىدۇ؟

مەن بىلىمەن: ئۇ كەڭ تەبىئەتنىڭ قوينىغا پاناھلانغان. ئاۋۇ بوۋاي شۇڭا تەرلەپ-پىشىپ تەبىئەتنىڭ قوينىنى تىلغاۋاتىدۇ.

بەخت نەدىدۇ؟

مەن بىلىمەن: ئۇ ئەجىر-مېھنەتنىڭ ئاستىغا، ماڭلايدىن ئاققان ھەر بىر تامچە تەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان.

www.uyghurkitap.com

# قىمار

(ھېكايە)

چېخوپ [رۇسىيە]

1

كۈز كۈنلىرىنىڭ قاراڭغۇ بىر ئاخشىمى.
قېرى بانكىر كۈتۈپخانىسىدا ئۇيا قتىن-
بۇيا ققا مېڭىپ، بۇنىڭدىن ئون بەش يىل
ئىلگىرى بىر قېتىملىق كەچلىك زىياپەت-
تە يۈز بەرگەن ئىشنى خىيالىدىن ئۆتكۈ-
زۈۋاتاتتى. شۇ قېتىملىق زىياپەتكە كۆپ-
لىگەن ئۇقۇمۇشلۇق زاتلار قاتناشقانىدى.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان قىزغىن، كۆ-
ڭۈللۈك سۆھبەتمۇ خېلىغىچە داۋاملىشىپ،
سۆھبەت تېمىسى ئاستا - ئاستا جىنايەت-
چىلەرگە بېرىلىدىغان ئۆلۈم جازاسى مە-
سىلىسىگە كېلىپ توختىغانىدى. ئۇلار ئۆ-
لۈم جازاسى ئۇسۇلىنى ئانچە ياقتۇرۇپ
كەتمەيتتى، بۇ ئۇسۇلنى چىرىك، ئەخلاق-
قا يات، شۇنداقلا خىرىستىئان روھىغا ئى-
گە بۇ دۆلەتتە قوللىنىشقا ناباپ ئۇسۇل
دەپ قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى
بەزىلەر مۇددەتسىز قاماق جازاسىنى ئۆ-
لۈم جازاسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش تە-
شەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

— مەن سىلەرنىڭ قارىشىڭلارغا قو-
شۇلمايمەن، - دېدى ساھىبخان.

— مەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلى-
نىپ باقمىغان، مۇددەتسىز قاماق جازا-
سىنىڭ تەمىنى تېخىمۇ بىلمەيمەن. شۇن-
داقتىمۇ ئەگەر بىرسى مەندىن قايسىسى
ئەقىلگە مۇۋاپىقراق دەپ سورىسا، مەن
ئىككىلەنمەيلا ئۆلۈم جازاسىنى مۇددەتسىز
قاماق جازاسىغا قارىغاندا ئەقىلگە مۇ-
ۋاپىق دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. چۈن-
كى ئۆلۈم جازاسىدا ئادەمنىڭ جېنى بىر-
دەمدىلا بىر ياقلىق بولىدۇ، ئەمما، مۇد-
دەتسىز قاماق جازاسىدا بولسا ئادەمنىڭ
جېنى بىر - بىرلەپ چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟
ئېيتىڭلارچۇ، بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ
زادى قايسىسى ئەقىلگە مۇۋاپىقراق؟

— ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش، ھەر ئىك-
كىلىسى ئەخلاققا يات. چۈنكى ئۇلارنىڭ
ھەر ئىككىلىسىنىڭ مۇددىئاسى ئادەمنىڭ
جېنىنى ئېلىش، دۆلەت دېگەن خۇدا ئە-
مەس، ئۇ كىشىلەرگە جان ئاتا قىلالماي-
دۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھاياتىنى نابۇت
قىلىشقىمۇ ھوقۇقلۇق بولماسلىقى كېرەك، -
دېدى يەنە بىر مېھمان.

مېھمانلار ئارىسىدا يېشى يىگىرمە بەش
ياشلارغا بارغان ياشقىنا بىر ئادۋوكات
بار ئىدى. ئۇ سۆز قىستۇرۇپ:

— ئۆلۈم جازاسى بىلەن مۇددەتسىز قا-
ماق جازاسى ئوخشاشلا ئەخلاققا يات. لې-
كىن، ئەگەر مېنى تاللا دېسە، چوقۇم كې-
يىنكىسىنى تاللىغان بولاتتىم. ئۆلگەندىن

هايات قىلىش ھەر ھالدا ياخشىراق، ـ
دېدى.

شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا بۇ
مەسىلىگە قارىتا بەس ـ مۇنازىرە باشلى-
نىپ كەتتى. بانكىر ئۇ چاغلاردا تېخى ياش
ئىدى، ئاسانلا ھاياجانلىناتتى. ئۇ ئور-
نىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇستەلگە پاققىدە
يېرنى مۇشتلاپ، ئادۋوكاتقا:
ـــ سىز ئاغزىڭىزغا كەلدى دەپ دەۋەرمەڭ،
مەن ئىككى يۈز مىڭ يۈەن تىكىمەن، مەن
بۇ پۇلنى سىزنىڭ بەش يىل سولاقتا يې-
تىشىڭىزغا تىكىمەن! ـ دەپ توۋلىدى.
ـــ ئەگەر سىز چاقچاق قىلمىغانلا بول-
سىڭىز، ئۇنداقتا مەن سىز بىلەن تىكىشى-
مەن، مەن ئۇ پۇللار ئۈچۈن ھېلىغۇ بەش
يىل ئىكەن، ئون بەش يىل يېتىشقىمۇ را-
زى، ـ دېدى ئادۋوكات جاۋابەن.
ـــ ئون بەش يىل! ياخشىغۇ، ھەر قاي-
سىلىرى ئاڭلاشتىلىمۇ، مەن ئۇنىڭغا ئىك-
كى يۈز مىڭ يۈەن تىكتىم، ـ دەپ ۋارقى-
رىدى بانكىر.
ـــ بولىدۇ، سىز ئىككى يۈز مىڭ يۈەن
تىكىڭ، مەن ئەركىنلىكىمنى تىكەي، ـ
دېدى، ئادۋوكات.

بۇ بىمەنە، كۆلكىلىك قىمار
مانا مۇشۇنداق يۈز بەردى. بانكىر
ئۇ چاغلاردا ئىنتايىن باي ئىدى. شۇڭا بۇ
قىماردىن ھوزۇرلىنىپ، ئۆزىنى قويىدى-
غان يەر تاپالماي قالدى. كەچلىك تاماق
تارتىلغاندا بانكىر ھېلىقى ئادۋوكاتنى
مەسخىرە قىلغان ھالدا:
ـــ ئىنىم، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئوب-
دانراق ئويلاپ كۆرۈڭ، بولدى قىلسىڭىز

ھازىرمۇ كېچىكمەيسىز، ئىككى يۈز مىڭ
ماڭا ھېچقانچە گەپ ئەمەس، ئەمما سىز بۇ-
نىڭ بىلەن ياشلىق باھارىڭىزنى نابۇت قىلى-
سىز. مەن شۇڭا مۆھلەتنى بەش يىل دې-
گەنىدىم، ئۇنداق كۆپ ۋاقىتقا سىز ھەر-
گىز بەرداشلىق بېرەلمەيسىز، ئۆزى خا-
لاپ قاماقتا يېتىش، قاتىللىق قىلىپ قا-
ماقتا يېتىشتىن كۆپ ئازابلىق بولىدۇ،
مۆھلەت توشقىچە نازارەت ئاستىدا ئۆتى-
دىغان گەپ، سىزگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، ـ
دېگەنىدى.

ئەمما، ھازىر قېرى بانكىر ئۆيىنىڭ ئى-
چىدە ئويىاقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، ئاشۇ ئىش-
لارنى ئويلاۋاتاتتى. ئىختىيارسىز ئۆز ـ
ئۆزىگە پىچىرلاپ «ئۇ چاغدا مەن نېمىشقا
بۇ قىمارنى ئوينىغان بولغىيتىم؟ نېمە
زۆرۈر ئېھتى بولغان بولغىيتى؟ ھېلىقى ئاد-
ۋوكات ئون بەش يىل يوروقلۇقتىن مەھ-
رۇم بولدى. مەن ئەمدى ئىككى يۈز مىڭ
يۈەندىن مەھرۇم بولماقچى، كىشىلەر بىز-
نىڭ بۇ قىلىقلىرىمىزدىن ئۆلۈم جازاسى
بىلەن مۇددەتسىز قاماق جازاسىنىڭ زادى
قايسىسىنىڭ ياخشىلىقىنى ئايرىيالىغان
بولسا ئىدى كاشكى. ھەي ھاماقەتلىك، تېتىق-
سىزلىق! ئۇ ۋاقىتتا بۇ قىمار ماڭا نىس-
بەتەن ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كە-
چۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ بەڭباشلىقى بول-
غان بولسا، ئۇ ئادۋوكاتقا نىسبەتەن پۇلغا
بولغان ئاچكۆزلۈكتىن بولغانىدى.

قېرى بانكىر شۇ قېتىمقى كەچلىك تا-
ماقتىن كېيىنكى ئىشلارنى ئەسكە ئېلىشقا
باشلىدى. قىمارنىڭ شەرتىدە ئادۋوكات
بانكىرنىڭ گۈللۈكىگە يېقىن بىر ئۆيگە

سولىنىپ نازارەت ئاستىغا ئېلىنىدىغان، سولاق مەزگىلىدە بوسۇغىدىن ئاتلىمايدىغان، كىشىلەر بىلەن كۆرۈشمەيدىغان، سۆزلەشمەيدىغان، خەت - ئالاقە قىلمايدىغان بولدى. ئەمما ئۆيىنىڭ ئىچىدە خالىغىنىنى قىلسا كىتاب ئوقۇپ، خەت يازسا، هاراق ئىچىپ، تاماكا چەكسە بولاتتى. سىرتتىن ئالاقىنى پەقەت ئالاهىدە ياسالغان كىچىك روجەك ئارقىلىق قىلىش بەلگىلەندى. ئەگەر ئۇنىڭغا قانداقلىكى نەرسە لازىم بولسا، مەسىلەن: ساز، كىتاب، هاراق، تاماكا قاتارلىقلار پەقەت ئاشۇ كىچىك روجەكتىن باغاقچە چىقارسىلا يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان بولغانىدى. بەلگىلىمىدە ئادۋوكات بۇ يەردە ئون بەش يىل ياتىدىغان، يەنى 1870 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈش سائەت ئون ئىككىدىن 1885 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈش سائەت ئون ئىككىگىچە يېتىشى كېرەك ئىدى. ئادۋوكات ئەگەر بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلسا ياكى مۇددەت توشۇشتىن ئىككى مىنۇت ئىلگىرى سولاقخانىدىن ئايرىلسا بانكىر پۇلنى ئۇنىڭغا بەرمەيدىغان بولغانىدى.

بىرىنچى يىلىدا ئۇنىڭ سۇنغان باغاقچىلىرىدىن ئۇنىڭ زېرىككەنلىكى، ئىچى پۇشقانلىقى، ئازابلانغانلىقى ئايان بولدى. ئۇ توختىماي پىيانىنو چالاتتى. ئەمما ئۇ، بۇ بىر يىل جەريانىدا هۆددەس① تاماكا چەكمىدى، هاراق ئىچمىدى. ئۇ باغاقچىغا: هاراق ئادەمنىڭ هەۋەسىنى قوزغايدۇ، هەۋەس مەهبۇسلارغا نىسبەتەن بىر دۈشمەن، يەنە كېلىپ يالغۇز هاراق ئىچىش زېرىكىشلىك، تاماكا ئۆينىڭ هاۋاسىنى بۇزىدۇ» دەپ يازغانىدى. بۇ بىر يىل جەريانىدا ئۇ مەزمۇنى ئاددىراق كىتابلارنى، مۇهەببەت هېكايىلىرىنى، لەتىپە، رازۋېتكا هېكايىلىرىنى ۋە كومېدىيىلەرنى كۆپرەك ئوقۇدى.

ئىككىنچى يىلغا كەلگەندە ئۇ پىيانىنو چالمايدىغان بولدى. كلاسسىك ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئوقۇدى. بەشىنچى يىلغا كەلگەندە پىيانىنونىڭ ئاۋازى يەنە ياڭراشقا باشلىدى. ئۇ هاراق ئىچكىلى تۇردى. نازارەت قىلغۇچى كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ، بۇ بىر يىل جەريانىدا كۈنىنى يەپ - ئىچىش ۋە ئۇخلاش بىلەنلا ئۆتكۈزگەن. ئۇ هەمىشەم ئەسنەيدىغان، ئۆزىچە ئاچچىقلىنىدىغان، كىتاب كۆرمەيدىغان بولۇۋالغان. بەزى كېچىلىرى ئۇ بىر ۋاقىتلارغىچە بىر نېمىلەرنى يازغان، ئەمما ئەتىسى ئەتىگىنى يازغانلىرىنىڭ هەممىسىنى يىرتىۋەتكەن، ئۇنىڭ ئۇن سېلىپ يىغلىغان ئاۋازىنى باشقىلار كۆپ قېتىم ئاڭلاشقانىدى.

ئالتىنچى يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇ ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخلارنى قىزغىنلىق بىلەن تەتقىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تېمىلارنى تەتقىق قىلىشتىكى قىزغىنلىقى شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، هەتتا بانكىر ئۇنىڭغا ئېهتىياجلىق بولغان كىتابلارنى يەتكۈزۈپ بېرىشتە پۈتى يەرگە تەگمەي قالىدۇ. تۆت يىل جەريانىدا بانكىر ئۇنىڭغا ئالتە يۈز پارچىدىن ئارتۇق كىتابنى كىرگۈزۈپ بېرىدۇ. مۇشۇنداق پەيتتە بانكىر ئۇنىڭدىن بىر پارچە باغاقتاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇ باغاقچىغا: «قەدىرلىك تۈرمە باشلىقى، مەن بۇ باغاقچىنى ئالتە خىل دۆلەت تىلىدا يېزىپ چىقتىم، ئۇنى ئالىملارغا كۆرسىتىپ بېقىڭ، ئەگەر ئۇلار بۇنىڭدىن بىرەر خا-

① هۆددەس — مۇتلەق.

تالىق تاپالمىسا، سىز ئادەم ئورۇنلاشتۇ-
رۇپ، گۈللۈكتە بىر نەچچە پاي ئوق ئاتـ
قۇزۇڭ، مەن ئوق ئاۋازىدىن تىرىشچانلىـ
قىمىنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىنى بىلەي.
ئوخشىمىغان دەۋردىكى، ئوخشاش بولمىـ
غان دۆلەتلەردىكى ئەقىل ئىگىلىرى ئوخـ
شىمىغان تىللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سۆزـ
لىرىنى قىلىشىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبىـ
دە بىر خىل يالقۇن يېلىنجايدۇ. ئاھ! مۇـ
شۇ مىنۇتلاردىكى قەلبىمنى چۈشەنگەن بولـ
سىڭىز ئىدى كاشكى» دېگەنلەرنى يازغانىدى.

مەھبۇسنىڭ ئارزۇسى قانائەتلەندۈرۈلـ
دى. بانكىر ئادەم چاقىرىپ، گۈللۈكتە ئىكـ
كى پاي ئوق ئاتقۇزدى.

ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئادۋوكات ئۈسـ
تەل ئالدىدا مىدىر - سىدىر قىلماي «يېـ
ڭى تەۋرات» نى ئوقۇۋاتاتتى. بانكىر ئىشـ
نىڭ غەلىتىلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ تۆت
يىل جەريانىدا ئالتە يۈز پارچىگە يېقىن
كىتابلارنى ئوقۇپ بولغان تۇرۇغلۇق، بۇ
بىر يىل جەريانىدا چۈشىنىشلىك ۋە نېپىز
بولغان بىرلا كىتاب ئۈستىدە شۇنچىۋالا
كۈچ سەرپ قىلغىنى نېمىسى؟ ئۇ «يېڭى
تەۋرات» نى ئوقۇپ بولۇپلا ئارقىدىن ھەر
خىل دىنىي مەزھەپلەر ۋە تېئولوگىيىگە
ئائىت كىتابلارنى ئوقۇشقا كىرىشتى.

ئەڭ ئاخىرقى ئىككى يىل ئىچىدە ئۇنىڭ
ئوقۇغان كىتابلىرىنىڭ سانى كىشىنى ھەيـ
ران قالدۇراتتى. ئۇ بىر تۇرۇپ تەبىئىي
پەننى تەتقىق قىلسا، يەنە بىردىنلا بايـ
رون، شېكسپىر ئەسەرلىرىنى تەتقىق
قىلىشقا كىرىشەتتى. ئۇنىڭ سۇنغان
باغاقچىسىدا بىر پارچە خىمىيىگە ئائىت
كىتابنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە مېدىتـ
سىنا ئوقۇشلۇقى، ھېكايە، پەلسەپە ۋە
تېئولوگىيىگە ئائىت دىسسېرتاتسىيە توپـ
لاملىرىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ كىتاب
ئوقۇش قىزغىنلىقى دېڭىزدا غەرق بولغان
ئادەمنىڭ ھايات قېلىش ئۈچۈن بىر تال
كېمە تاختىيىنى تۇتۇۋېلىپ، ئاخىرىدا
بىر - بىرلەپ باشقا تاختايلارنى يىغىـ
ۋالغىنىغا ئوخشايتتى.

2

بانكىر ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسكە
ئالماقتا ئىدى. ئۇ يەنە: «ئەتە چۈش سا-
ئەت ئون ئىككىدە ئۇ ئەركىنلىككە چىقىـ
دۇ، بەلگىلىمە بويىچە مەن ئۇنىڭغا ئىكـ
كى يۈز مىڭ يۈەن بېرىشىم كېرەك، ئەـ
گەر بۇ پۇللارنى ئۇنىڭغا راستىنلا بەرـ
سەم، مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ، مەن ئاخىـ
رى ۋەيران بولىدىغان بولدۇم...» دېگەنـ
لەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ئون بەش يىل ئىلگىرى بانكىرنىڭ
بايلىقى ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. ئەمـ
ما ھازىرچۇ، مال - مۈلكىنىڭ، قەرزلىـ
رىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئۆـ
زىمۇ بىلمەيتتى. پاي چېكى سودىسى، ئەتـ
كەسچىلىك سودىلىرىدا دوغا تىككەن پۇلـ
لىرى ھەم ئۆزىنىڭ ئۆزگەرتىش تەس
بولغان تەرسا مىجەزى بىلەن ئىگىلىكى
ئاستا - ئاستا ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ
قالغانىدى. ھېچ ئىش پەرۋايىغا كەلمەيـ
دىغان، ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان بۇ ھاـ
كاۋۇر سودا - سانائەتچى ئەمدىلىكتە ئاـ
دەتتىكى بانكا خادىمىغا ئايلىنىپ قالـ
غانىدى. بازاردىكى ھەر بىر داۋالغۇش
ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىترىتەتتى.

«ئاشۇ لەنەت تەككۈر قىمار» دەپ پىچىرـ
لاپ بېشىنى چاڭگاللاپ ئۆكۈنەتتى. ئۈـ
مىدسىزلىنىپ.

«ئون بەش يىلغىچىلىك نېمىشقا ئۆلـ
مىگەندۇ؟ ئۇ ئەمدىلا قىرىقلارغا كىردى،

مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېساتىمنى تارتىۋالمىدىغان بولدى. ئۇ تويى قىلىمدۇ، كۆڭۈللىرى خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە ئۆتىمدۇ. پاي - چەك بازارلىرىغا بېرىپ تەلىيىنى سىنايدۇ. مەنچۇ، گويا دېۋانىلارغا ئوخشاش سەرسان بولۇپ يۈرۈيمەن. ھەر كۈنى يەنە ئۇنىڭ «پۇلار مېنىڭ ھايات بەدىلىمگە كەلگەن بەخت، ئەمما بۇنىڭدا سىزگە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن. شۇڭا سىزگە ياردەم قىلىشىم كېرەك» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىشىم مۇمكىن. ياق، مەن بۇنىڭغا ھەرگىز چىداپ تۇرالمايمەن. ۋەيران بولۇش ۋەيۈز تۆكۈلۈشنىڭ بىردىنبىر يولى ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش.»

سائەت ئۇچكە داڭ ئۇردى. بانكىر دىققەت بىلەن ئەتراپتىكى تىۋىشلارغا قۇلاق سالدى. كىشىلەر ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. سىرتتا پەقەت ئىزغىرىن سوغ شامالدا دەرەخ شاخلىرىنىڭ ھۇشقۇيتقان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تىۋىش چىقارماي بىخەتەر ئىشكابىنى ئېچىپ، ئون بەش يىلدىن بۇيان ئىشلىتىپ باقمىغان ئاچقۇچنى قولىغا ئالدى. پەلەي كېيىپ، ئۆيدىن چىقتى. گۈللۈك قاراڭغۇ ھەم سوغ ئىدى، يامغۇر يېغىۋاتاتتى. نەم ھەم جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامال ئۇنى شۈركەندۈرۈۋەتتى. ھويلىدىكى دەرەخلەر شامال كۈچىدە توختىماي ئىڭغاڭشىپ ئاۋاز چىقىراتتى. ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ يولنى، ھويلىدىكى ھەيكەلنى، سولاقخانا قىلىنغان ھېلىقى ئۆينى ۋە دەرەخلەرنى ئىلغا قىلالمىدى. سىيلاشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئاران بالالىقتا ئۆينىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇ نازارەتچىنى چاقىردى. ئەمما ئۇنىڭدىن سادا چىقمىدى، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، نازارەتچىمۇ بۇنداق ئوسال ھاۋادا ئۆزىنى دالدىغا ئالغان. ئېھتىمال ئۇنىڭ ھازىر ئاشخانىدا ياكى گۈللۈكتە بەخىرامان ئۇخلاۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

«مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قول سالسام، چوقۇم جىنايى جاۋابكارلىق ھېلىقى نازارەتچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى قېرى بانكىر.

ئۇ سىيلاشتۇرۇپ يۈرۈپ پەشتاقلىق ئىشىك ئالدىغا كەلدى. تار كارىدور ئارقىلىق دالان ئۆيگە چىقتى، بىر تال سەرەڭگە ياندۇردى، كارىۋات قۇپقۇرۇق تۇراتتى، بۇلۇڭدا بىر مەش سايە تاشلاپ تۇراتتى، سولاقخانىنىڭ ئىشىكىدىكى پېچەت بۇرۇنقىدەك تۇراتتى. سەرەڭگە ئۆچتى. قېرى بانكىر ھاياجىنىدا تىترەيتتى. ئۇ ھېلىقى كىچىك روجەكتىن ئۆينىڭ ئىچىنى مارىلىدى. ئۆينىڭ ئىچىدە بىر تال شام غۇۋا يېنىپ تۇراتتى. روجەكتىن مەھبۇسنىڭ مۈرىسى، بېشى، چاچلىرى، ئىككى قولى كۆرۈندى. ئۈستەلدە، ئورۇندۇقلاردا، گىلەملەرنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان كىتابلار چېچىلىپ ياتاتتى.

بەش مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. مەھبۇس بۇ ئارىلىقتا مىدىر - سىدىر قىلىپمۇ قويمىدى. ئون بەش يىللىق سولاق ھاياتى ئۇنىڭغا تىنچ ئولتۇرۇشنى ئۆگەتكەنىدى. بانكىر دېرىزىنى بوشقىنا چەكتى، ئەمما ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. بانكىر ئېھتىيات بىلەن ئاستاغىنا ئىشىكنىڭ پېچەتىنى يىرتتى، قۇلۇپقا ئاچقۇچ سالدى. داتلىشىپ قالغان قۇلۇپتىن غىچىرلىغان ئاۋاز چىقتى. بانكىر ئۆينىڭ ئىچىدىن چۆچىگەن ئاۋازنى ۋە ماڭغان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلايمەن دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ئۈچ مىنۇتقىچە ئۆينىڭ ئىچىدىن

هېچقانداق شەپە بولمىدى، ئۆيىنىڭ ئىچى بۇرۇنقىدەك جىمجىت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈرەكلىك هالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇستەل ئالدىدا بىر ئادەم ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇراتتى، قارىغاندا ئۇ ئادەمنىڭ سىياقىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. ئورۇقلۇقىدىن ئىسكىلىتقا، چېچىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ئايالغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ساقال - بۇرۇتلىرى يۈزىنى قاپلاپ تۇراتتى، چىرايى سارغىيىپ ئۆڭ - سۆلى قالمىغانىدى، ئىككى مەڭزى ئولتۇرۇشۇپ دۈمبىسى هەم تار هەم ئۇزۇنچاق بولۇپ قالغانىدى، چاچلىرى بولسا ئۇچتەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. چىرايىدىكى قورۇقلاردىن، ئۇنىڭ قىرىقلارغا كىرگەنلىكىگە هېچكىم ئىشەنمەيتتى. ئۇ بېشىنى قويۇۋالغان ئۇستەلدە بىر ۋاراق قەغەز تۇراتتى، قەغەزگە بىر نەرسىلەر يېزىقلىق ئىدى.

«بىچارە بايقۇش، ئۇخلاپ قاپتۇ، ئېھتىمال چۈشىدە ئىككى يۈز مىڭ يۈەن پۇلنى كۆرۈۋاتىدىغاندۇ، مەن ئۇنى كارىۋاتقا كۆتۈرۈپ ئېلىپ، ياستۇقنى ئاغزىغا بېسىۋالسىملا ئۇنىڭ تۈگەشكىنى شۇ، هەرقانداق هوشيار رازۋېتچىكمۇ ئۇنىڭ ئۆز ئەجىلىدىن ئۆلگەنلىكىدىن هەرگىز گۇمان قىلمايدۇ. بىراق، ئالدى بىلەن قاراپباقاي، ئۇ بۇ قەغەزگە نېمىلەرنى يازدىكىن...»

بانكىر ئۇستەلدىكى قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇشقا كىرىشتى:

«ئەتە چۈش سائەت ئون ئىككىدە مەن ئەركىنلىككە چىقىمەن، ئۆزۈمنى ئادەمزات دۇنياسىدا كۆرىمەن. شۇڭا مەن بۇ ئۆيدىن ئايرىلىپ، قۇياش نۇرىنى قايتا كۆرۈشتىن بۇرۇن سىزگە بىر قانچە ئېغىز سۆز قىلىشنى توغرا تاپتىم.

ئەقلى- هوشۇمنىڭ سەگەكلىكىدە ۋە خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشتىن بۇرۇن سىزگە دېمەكچى بولغىنىم: مەن ئەركىنلىكنى، هاياتنى، ساغلاملىقنى، شۇنداقلا سىز ماڭا ئاتا قىلماقچى بولغان بەختنى ئانچە نەزەرىمگە ئىلىپ كەتمەيمەن.

ئون بەش يىلدىن بۇيان مەن هاياتنى ئۆزلۈكسىز تەتقىق قىلدىم. بۇ جەرياندا مەن سىرتقى دۇنيا بىلەن ئۇچراشمىدىم، كىشىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشمىدىم، بۇ راست. ئەمما سىزنىڭ سۇنغان كىتابلىرىڭىزنى ئوقۇپ، خۇشپۇراق هاراقلارنى ئىچكەندەك بولدۇم، ناخشا ئېيتتىم، ئورمانلاردا بۇغا ۋە ياۋا چوشقىلارنى ئوۋلىدىم، گۈزەل قىزلار بىلەن مۇھەببەتلەشتىم... شائىرلارنىڭ قەلىمىدە تەسۋىرلەنگەن، لەيلىگەن بۇلۇتقا ئوخشاش ئۈزۈپ يۈرگەن گۈزەل قىزلار تۈن نىسپى بولغاندا يېنىمغا كېلىپ ئاجايىپ قىزىقارلىق هېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىشتى. مەن ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن مەستخۇش بولدۇم؛ سىز سۇنغان كىتابلارنى ئوقۇپ مەن ئېلبىرۇس ۋە مانتوبورگ تاغلىرىنىڭ تىك چوققىلىرىغا چىققاندەك هېس قىلدىم. ئۇيەردە مەن كۈننىڭ چىقىش ۋە پېتىشىنى تاماشا قىلدىم. كەچكى قۇياشنى دېڭىزدا، تاغچوققىلىرىدا نامايەندە بولغان بىنەپشەرەڭ مەنزىرىلەرنى كۆردۈم هەم بېشىمدىلا چېقىلغان چاقماقلارنىڭ يورۇقىنى كۆردۈم، مەن يەنە يېشىل ئورمانلىقلارنى، داللارنى، ئېقىنلارنى، كۆللەرنى، شەهەر - بازارلارنى كۆردۈم. چايكىلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىنى، پادىچى ئىلاهىنىڭ نەي ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. مەن گۈزەل هۆرى - پەرىلەرنىڭ قاناتلىرىنى سىيلىدىم. ئۇلار ئۇچۇپ كېلىپ، خۇدانىڭ

www.uyghurkitap.com



سۈپەتلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىشتى ... سىز سۇنغان كىتابلارنى ئوقۇپ ئۆزۈمنى تىگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك ، مۆجىزە ياراتقاندەك، شەھەر - بازارلارنى كۆكۈم-تالقان قىلغاندەك، يېڭىدىن تارقاتقاندەك، بارلىق دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرغاندەك بولدۇم ...

سىزنىڭ سۇنغان كىتابلىرىڭىز ماڭا ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلدى . ئىنسانىيەت ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي جەۋھەرلىرى كاللامدىن ئورۇن ئالدى . مەن ھازىر ئۆزۈمنى سىلەردىن كۆپ ئەقىللىق ھېسابلايمەن.

ئەمما مەن كىتابنى ئانچە كۆزۈمگە ئىلىپ كەتمەيمەن . دۇنيادىكى بارلىق بەخت ۋە ئەقىل - پاراسەتنى نەزەرىمگە ئىلمايمەن . ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق ، تۇترۇقسىز ، كۆڭگا ۋە يالغان بولۇپ ، خۇددى كۆلەڭگىلا ئوخشايدۇ . سىلەر گەرچە ئۆزۈڭلارنى تەكەببۇر ، ئەقىللىق، چىرايلىق ھېسابلىساڭلارمۇ نۆۋەتتە كەلگەندە ئەزرايىل خۇددى چاشقانلارنى يەر يۈزىدىن تازىلىغانغا ئوخشاش يەنىلا جېنىڭلارنى ئالماي قويمايدۇ . ئەجدادىڭلار، تارىخىڭلار، دانىشمەنلىرىڭلار ياراتقان مۆجىزىلەر خۇددى مۇز چوققىسىنىڭ پارە-پارە بولغىنىغا ئوخشاش بىر كۈنى يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ.

سىز ساراڭ بولغانىكەنسىز ، توغرا يولنى تاپالمىدىڭىز ، يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى ھەقىقەت ھېسابلىدىڭىز ، رەزىللىكنى ئاق كۆڭۈللۈك دەپ قارىدىڭىز، ئەگەر مەلۇم بىر كىشى ئالما ۋە ئەپلىسىن دەرەخلىرىدە بىردىنلا پاقا - كەسلەنچۈك بولۇپتۇ ، قىزىلگۈلدىن ئاتنىڭ تەرى پۇراۋاتىدۇ دېسە بۇنىڭغا سىز ھەيران قالار-سىز. ئوخشاشلا مەنمۇ سىزگە غەلىتە تۇيغۇ بېرىپ قويغانىدىمەن. چۈنكى سىز جەننەتنى كىشىلىك دۇنياسىغا تېگىشتىم دەپ ھېسابلايدىغانسىز . بىراق ، مەن سىزنى چۈشىنىشنى ئەسلا خالىمايمەن.

ھېلىقى ئىككى يۈز مىڭ يۈەن پۇلنى مەن بىر مەزگىل كىشىلىك دۇنياسىدىكى جەننەتكە چىقىشنىڭ شوتىسى دەپ قارىغانىدىم . ئەمما ھازىر مەن ئۇنى مەنسىتمەيمەن. مەن سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدىكى بارلىق يارىماس تەرەپلىرىڭىزنى مەنسىتمەيدىغانلىقىمنى ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇ پۇلنى ئېلىشتىن ۋاز كەچتىم . مەن ئۇنى ئېلىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش غەرىزىدە بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن بەش مىنۇت ئىلگىرى بۇ زىنداندىن ئايرىلماقچى، بۇنداق بولغاندا مەن ئەھدىنامىنى بۇزغان بولىمەن.»

- بانكىر خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ، جايىغا قويۇپ قويدى . ئۇ بۇ غەلىتە ئادەمنىڭ بېشىغا سۆيۈپ قويدى . ھاياجاندا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى، ئۇ ئۆيدىن يېنىپ چىقتى،ئۇھېچقاچان ھەتتا تىجارىتىدە پالاكەتكە يولۇققاندىمۇ ئۆزىنى بۇنداق ئازابلىق ھېس قىلمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خانىسىغا يېنىپ چىقىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى ، ئۇ ھاياجانلىناتتى ، تىنماي يىغلايتتى ، ئازابلىناتتى. ئۇ ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. ئەتىسى سەھەردە نازارەتچى يۈگۈرۈپ كىرىپ ھېلىقى ئۆيدىكى مەھبۇسنىڭ روجەكتىن يامىشىپ گۈللۈككە چىققانلىقىنى ، چوڭ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكىنىچە غايىب بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى . بانكىر مالايلىرى بىلەن دەرھال

(ئاخىرى 45 - بەتتە)

# نەسر ۋە شېئىرلار

## قاسىمى

شائىر ۋە تارىخچى قاسىمىنىڭ تولۇق تەرجىمىھالى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات يوق. لېكىن، ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ 1850- يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە ياشاپ ئۆتكەن ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنى گۇما ناھىيىسىنىڭ كىلياڭ يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن.

بەزى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، شائىر قاسىمى 2112 مىسرالىق شېئىرى تارىخىي داستان — «تەزكىرەئى ئارسلانخان» نى يېزىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئارسلانخاننىڭ خوتەن رايونىغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ۋە جارى قىلدۇرۇش جەريانىدىكى پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلىگەن.

يېقىندا شائىرنىڭ بىر قىسىم قول يازمىلىرى تېپىلدى. گەرچە بۇ قول يازمىلار ناھايىتى تولۇقسىز بولسىمۇ، بۇلارنى ئاز كۆرمەي كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق. مۇشۇ يىپ ئۇچىنى بويلاپ، شائىرنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنىمۇ قېزىپ چىقىرىلىشى ئېھتىمال، دەپ قارايمەن.

— نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

### سۆيگۈ مەكتۇپلىرى①

1

يارەب، جاھان بارىچە ئۇلارنى ئامانىدا تۇت،
ھەر كىمكى دۈشمەن ئۇلسە ئۇلارنى زىيانىدا تۇت.

ئۇتمىيايى ئەھلى بەسارەت، مەسنۇنەشىن بارىگاھ نازاكەت، تەراۋەت بەخش بوستان ئىززەت، زىنىنەت فەزايى گۈلشەن رەفئەت، نەۋ نىھالى بوستان مۇھەببەت ۋە يەكتائى غۇنچە گۈلستان مۇۋەددەت. ئول سەلايەت پىشەسىنىڭ شېر غەيرانى ۋە جەلالەت مەيدانىنىڭ رۇستەمۇ داستانى، فەساھەت مەجلىسىنىڭ ئەمىر ئەلىشىرانى ۋە سەخاۋەت سەھەرىنىڭ خۇرشىد زەرەپشانى، دانىش بارەسىدە ھەممەدىن دانا، فىترەت مەئرىكىسىدە بارچەدىن بالائەئنى، ئۇل مادارى مەملىكەت ۋە سۇمرۇغ بەلەند ھىممەت، ئىلىم ئەھلىنىڭ تەكيەگاھى، فەقىر تائىپەسىنىڭ پۇشتى - پاناھى، ۋاۋەر مېھرىبان ۋە مەربى قەدىردان.

جۇدالىق دەردىدىن بولغان يۈرەك يۈز پارەسىدىنمۇ ۋەيا، غۇربەتكە تۈشكەن بۇ غېرىب ئاۋارەسىدىنمۇ؟ ھۇۋەلغىراق، ھەز ئىشتىياق، لەتاپەت گۈلشەنىنىڭ گۈلى رەئناسى ۋە نازاكەت بوستانىنىڭ دۇررى يەكتاسى ۋە ھۆسن ئىقلىمىنىڭ شەھۋارى، مەلاھەت گۈلستانىنىڭ تاجدارى ۋە دۆلەت ئاسمانىنىڭ ئاتى ۋە ئۇلۇغلۇق ئىقلىمىنىڭ ساھىبقىرانى، زىرەكلىكتە يەكتا ۋە دانىشمەنلىكتە بىھەمتا. ئەئنى گۈلرۇي ۋە سۇنبۇل موي، ئاپتاپ تەلئەت ۋە مۇشتەرى سائادەت ، ئاھۇ كۆزلۈك، شېرىن سۆزلۈك،

① بۇ ماۋزۇلار تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن قويۇلدى.

www.uyghurkitap.com



جاندىن ئەزىز، قەندىن لەزىز، ئۇل يار نازەنىن بىۋاپاغا. بۇ پېقىر دىلشىكەستىنىڭ ئەرزى ۋە نىياز ئۇلكىم، تاكى ھالىم بىلمەسسەن ۋە دەردىم بىھەدئاگىلماسسەن. ياكى ئىشىق رۇمۇزى تابىئە ھەرف سۆرەت ئەمەس ياكى مۇھەببەت سۆزى تەقدىرىغە راست كەلمەس. غەمگۇزارى يوقكىم، مەرھەمەت بىلە دەردىم ئۇلەشكەي. غەمدىن ئۆزگە مۇھرىم، ئەلەمدىن ئۆزگە ھەمدەم تاپماي، ناچار سۆزۈمنى ياخشى - يامانغە قىلماي، بىخۇدانە ئىنشا قىلدىم. مۇبارەك خاتىردىلىرىگە ھوزۇر كەلگەي، چۈنكى،دەرياغە خەستىن ئار يوق، شەكەرگە مىگەستىن ئازار يوق. نە ئوت ئەردىكىم جانىمغە تۇتاشتى. بۇ بەد بىخۇد ۋاژگۇن سەۋەبىدىن كۈندىن - كۈنگە زىيادە بولدى. دىدارىڭىز تالىئىم زەبۇنلۇقىدىن بۇ پەلەك غەددار ۋاژگۇن كاج رەفتار نىسىپ قىلمىدى. بۇئەجەب ۋاقىئەدۇركىم، جامالىڭىزنى كۆرمەي پەرۋانىدەك ئۆرتەنگەيمەن، ھىجران شامىلىدا تۇپراقتەك سورۇلغايمەن. جامال جەھان ئارا يارنىڭ ئارزۇسىدا يېمەكىم غەم، ئىچمەكىم زەھەر ئاب ئەلەم بولۇپ، سەن ۋاپا گۈلىنىڭ غۇنچىسى بولۇپ، مەن بىۋاپالىق چىمەنىنىڭ تەنھا بۇلبۇلى بولۇپ، سەن خۇبلۇق مەجلىسىنىڭ لەيلىسى بولۇپ، مەن بۇزۇقلۇق كوھىنىڭ مەجنۇنى بولۇپ، سەن ئاباد شەھرىنىڭ دۇر نايابى، مەن بالادەشتىنىڭ قەمھرى گۇياسى. نىتەيكىم، ھالىم خارابتۇر، جىگەرىم كاۋاپتۇر. ياخشى سائەتتە قوبۇلىيەت بولۇپ تاپقاي سەران دەۋلىتىڭنىڭسايەسىبىزلەرگەتۈشسە نەئەجەب!

«كەل ئەي مەھبۇب مەتلۇبۇڭ سىېنىڭ ياشىڭ ھەزار ئۇلسۇن،
نىقاب ئاچقىل كۆرەي يۈزۈڭ جامالىڭ ئاشكار ئۇلسۇن.»

مەزمۇنى بىرلە غېرىب ھېكايىدۇركىم، ھۆسن گۈلىستانىڭىزنى كۆرمەي، بۇلبۇلدەك سايرىغايمەن. تاكى ھۆسن بى قۇسۇرىڭىزنى ئىشتتىم. بۇ ئوت مېنىڭ جانىمغە تۈشتى. خانىۇ مانىمىنى كۆيدۈردى، بۇ ئىشققە ھەيران ئەردىم. يۇسۇف زىلەيخاغا ئاشىق بولدى. مەجنۇن لەيلىنىڭ كويىدا ئاۋارە بولدى، سۆزى ئالەمغە تولدى. فەرھاد شىرىننىڭ كويىدا ۋەيرانە بولدى. ھەرگىز كۆرمەپ ئەردى بىستون تاغىنى تىرناقى بىرلە كەستى. بۇلار ئۆتۈپ، بۇ ئوت يالغۇز مېنىڭ باشىمغە قالدى. شايەد ھەق سۇبھانە ۋەتەئەلا تاش باغرىڭىزنى ئېرىتىپ، ۋەسلىڭ نېئمىتىگە مەئمۇر قىلغاي، ئىنشائاللا!

2

سەبا تەھەييەت شەۋقىم با ئىنجاب رەسان،
نىياز زىرە مىسكىن با ئاپتاپ رەسان.

ئۇل زات بابەركات، خوججەستە سۇفات، قايزىلبەركات، زەئىرايى بايازخۇش پاساھەت، خۇش قەترابى مەجلىس بالاغەت، ئالەمقىدار ئىززەت، ئاسار خۇرشىدە زامان مۇرشىند دەۋاران. ئۇل ئادا فەھىم نۇكتە سەنەج ۋە مائانى پۇركەنج، قەتىرەلەئىن ئۇۋلۇل ئەسار ئىززەت، شەرشەت سائادەت ۋە سارى ھەزرەت، ئەقىدەت بادىيەسىنىڭ سەرگەشتىسى؛ مۇھەببەت زىلالىنىڭ لەب تەشناسى، مۇخلىس يىرىنە ئىنتىباھ مەھجۇر ۋەسىنەسىدىن تۈمەن - تۈمەن تۆھفەئى تەھايىيات. تەقسىرانە ۋەچىمەن-چىمـ

مەن گۈلدەستەئى شەۋقىيات. ھەمسەرانە ياخشى سائەتتە شەرىق تەيمىلەرىغە ۋە لـۈ-تۈف زىھنىلەرىغە مەقبۇل بولغاي.

«چەرخ ئەگەر يۈز يىل يىراق سالسا ۋىسالىڭدىن مېنى،
قۇتقۇزالماس خىيالىڭ مۇددىئاسىدىن مېنى».

مەزمۇنى بىرلە جامالىلارنىڭ ئارزۇسىدا، ئاپتاپنىڭ نەمئەسى كۆڭۈل ئائىنەسى-دىن غايىب بولمىدى. ئەلھەت نەسەب مۇلاقاتى مەزمۇنى بىرلە، رۇقئە كىرپىك قەلەمى-دىن كۆز قاراسى بىرلە مەھبۇب نەزەرىغە كەلگەي، دەپ رەقەم قىلىندى. بېيىت:

تىرىك تۇتسامكى ئۆزىنى ۋىسالىڭ ئىچرە سالغايمەن،
يىراقىڭ شىددەتىدىن ئالماسام خۇد يىغلىيالمايمەن.

نەزىم:

ئەيشۇ بىرلە كۆڭلۈم ئالغان دىلفىگارىم شۇمدامۇ؟
جانىمە يۈز داغ قويغان گۈلئۇزارىم شۇمدامۇ؟
ئۆلگەلى تۇردۇم كويۇڭدا غەم بىلە ئەي بىۋاپا،
بىرگىنە سورىساڭ نە بولغاي شۇل نىگارىم شۇمدامۇ؟
ھېچ يەردە تاپمايىن كەلدىم بۇ دەم مەيخانىغە،
شوخ شەراشۇب ئۇل نازۇك خىيالىم شۇمدامۇ؟
ئەيلەدى بىر مەردى دىل ھىجران زىمىستانى مېنى،
قىلغالى كۆڭلۈم ھەرەم نەۋ باھارىم شۇمدامۇ؟
دىلرەبالار خاكىپاي جان ئىمان مۇر زەغى،
پايمال ئەيلەرگە جىسمىم شەھسۇۋارىم شۇمدامۇ؟
مۇنتەزىرلىق جۇش ئۇرار ھەردەم جاپانى كۆڭلۈمە،
چاسىدا بەرگىل خەبەر ئۇل بادە خارىم شۇمدامۇ؟
تەشنەلىك دەفئى قىلماس كەۋسەر ئىلە سەلسەل،
لەبلارى سەھراب بەتەر كۆزى خۇمارىم شۇمدامۇ؟

× ×

ھۆر يەڭلىغ سۆزى تاتلىغ مېھرىبانىمغە سالام،
سەرۋە يەڭلىغ، بويى چاغلىغ بويى تالىمغە سالام.
مەست بولدۇم غەمزەسىدە قالمادى زەررە جامال،
غەمزەسى مەستانە ئۇل كۆزى خۇمارىمغە سالام.
يېڭى باغنىڭ گۈللەرىدەك ئاچىلىپتۇر رەڭبەرەڭ،
شۇل قىزىل گۈلدەك ئاچىلغان (گۈلئۇزارىمغە) سالام.
مەندە يوقتۇر زەررە بىئارام سەندە كام دىل،
جىلۋە قىلغان ھەر تەرەپ كۆزى خۇمارىمغە سالام.

× ×

ئىشىكتىن قوغلاغىل، يا قەتلى قىل بىكەس گەدارىڭ مېنى،
تەرەھھۇم ئەيلەغىل، يا رەھىم قىلغىل بىناۋارىڭ مېنى.

ئەزەلدىن تا ئەبەدغە بىر ئەسرۇ مۇپتەلايىلىق مېنى،
ۋەيا ئازاد قىل باشىڭدىن ئۆرۈپكىم گەدارلىق مېنى،
ئەزىزىم، دىلبىرىم، جانىم خېنىم، ئەي يارۇ جانانىم.

3

هال تەقرىرى، ماھ مەنىرىكە خۇبلۇق شەھرى ئۇچىدا ئۇلۇس كەۋاكەبلىرى، خىل نۇرى پەرۋەرىدىن ئەيشۇنىشات كېسىپ ئەتمەككە ئاشكارا ۋە پىنھان مۇقەررەب بولغاي.

ئاھ، ئول سەييارە هالىغە كىم، پىراق تۈنلەرى بىقارارلىق بادىيەسىدە ئۆزلۈك پۈيەسى جۇدا سەتىمامىدىن ۋىسال سەرمەنزىلىغە مۇشەررەپ بولمىغاي.

ۋا ھەسرىتا! خۇرشىد جاھان، تابىكىم ئىنئام ۋە ئېھسان نۇرى بىرلە ئالەميان زۇلمى دەفئىنىڭ كۈشەشى ئۈچۈن تېرە خاك مۇنارىغە پەلەك خەرگاھىدىن قەرىب بولغاي، سەد ئاھكىم، ناتاۋانلىق دىۋارىنىڭ سارلىق كويىدا، نەشمەن تۈزگەن، مۇشتاق خەففاشى ھەسرەت كۆزنى ئول نۇر شۆئىلەسى بىرلە يورۇتماق نېسىپ بولمىغاي.

دەرىغا! كىلىياك ① مۈلكى جاھان مەدىنەسىنىڭ خىلى خەدىچە ② مەخزەنىنىڭ دۇررى تەمىنلەرى رەۋاجى مەۋجىنىڭ ئۇچىدىن، تەلەپ سوداسى قەتئىدە شاھ ئەرەب باشلىق ③ چاكىرى بولغاي. سەدداغ گەداسى، مۇھتاج مۇبارەك، كەھىر تەرەب، ئەمىز ۋە ئەھمەد، ئەزىز سەيد ئەكرەم لەتاپەت ئەمىز دۇررى - جاۋاھىرلارىنىڭ مېھرى - مۇھەببەتى ئوتى زوق ۋە شوق تونۇرىدا ئەزىمەتى شەرارەسى ئالەمى ئەفلاكىدىن ئۆتسە، تەدبىرى مۇۋەپپەقىيەتىگە تەقدىرى مۇخالىپىدىن ئۆزگە مەدەتكار بولمىغاي.

جۇدالىق داغىدىن دائىم ئىشىم بولمىش نىدەم بىرلە،
قاۋۇشماق ھەسرەتىم شەرھىن ئادا بولماس قەلەم بىرلە.
خرۇشى دەردنا كىم تەئىسىرىغە ئوخشاماس ھەرگىز،
مەئنى ئەرغىۋان تارىنى چەكسە زىل سىم بىرلە.

ئول شىجائەت مەيدانىنىڭ سىپەسالارلىرى ۋە مۇبارزەت شەھرىستانىنىڭ شەھسۇۋارى، ئەمرا ئەھلىنىڭ ھۇشمەندى. ۋۇزىراخەيلىنىڭ دانىشمەندى، دىيانەت مۈلكىنىڭ تاجىدارى، پاساھەت ئايۋانىنىڭ سەرۋاجدارى، ھۆكۈمەت فىرقەسىنىڭ مانئى، پاراغەت شەھرىدە راھەتلىك ۋە راھەت ئۆيىدە پاراغەتلىك، غېرىبلەر هالىدىن خەۋەردار ئولماغان، يادلانىپ - كۆيۈنۈپ هالىنى سورىماغان، مۇرۇۋۋەت تەرىقىن فاراموش قىلغان، غېرىب دەشتىدە ئاۋارە بولغان، مەقسەتغە يەتمەي بىچارە بولغان پالانىدىن خىرمان - خىرمان سەرئەفكەندەكى بالانىمغايە ئاداسىدىن مەفھۇم ئولكى، ھەر ئىككىلا جانىپ ئەھۋالاتى ھەق سۇبھانە ۋەتەئەلا سۆھبەتلىك گۈلىستانىدا گۈلدەك شاد - خۇررەم ۋە سەرۋىدەك ئازاد بىغەم ئەيلەپ، سانىيەن ئەۋۋەلقى ھالدا بىز ئىكاۋ ھەمىشە، ئەرتە ۋە ئاخشام بىر بىرىمىزگە يار - مەدەتكار ئەردۈك:

---

① كوما ئاھېيىسىدىكى كىلىياك يېزىسى. ② شۇ يېزىدا ئۆتكەن مۇقەررەب شاھنىڭ ئايالى. ③ مۇقەررەب شاھ ئەزەردە تۇتۇلغان.

ئىشتىكىل يار مەھۋەش فۇرقەتىدە مەن غېرىبدۇرمەن،
نىتەي ئۆلكۈن كۆرۈپ تالدەك نىھالىك ئايلىنىپتۇرمەن،
كى سۇمبۇل كاككۈك دامىغە مەھكەم باغلىنىپتۇرمەن،
جامالىڭ شەمئىغە پەرۋانە يەڭلىغ ئۆرتىنىپتۇرمەن،
كۆرۈپ گۈلدەك يۈزۈڭنى ئەندەلىپتەك تەلپۈنۈپتۇرمەن.

كى بىر كۆرمەك بىلە قەتلىمغە تارتتى ئوقيا قاشىڭ،
ئاتىپ باغرىمنى ئوتاۇغ ئوق بىلە قىلدى يارا قاشىڭ،
مېنى ھېجرىڭ غەمىغە قىلدى نەيلەي مۇپتەلا قاشىڭ،
ئالىپدۇر جان ئەقلىمنى كى سەييارى قارا قاشىڭ،
قىلىچ يەڭلىغ قاشىڭ ئۈزە باشىم نە ھەيفدۇرمەن.

ساڭا بىلمەي يولۇقتۇم بىر كۈنى ئەي بىۋاپا دىلبەر،
كى ئوتۇڭ جىلۋە بىرلە خەندە ئەيلەپ ئەي پەرى - پەيكەر.
قارا كىرپىكلىرىڭ سىينەمگە ئۇردى ئول زامان نەشتەر.
ئۇنىڭكى زەخمىدىن بۇ سەرخ چېھرەم بولدىكىم زەئىپەر،
تۆكۈپ يەر ئۈزە قانىمنى سامانەك سارغارىپدۇرمەن.

مېنى قەتىل ئەيلەمەككە ئۇچرىغان خۇنغا رەشەھلا كۆز،
سالىپ ئىشق ئوتى جانىمغە ياقىپ ئەۋۋارە شەھلا كۆز.
مېنى بىخۇد ئېتىپ تاشلاپ قىلىپ خۇمارە شەھلا كۆز،
قاچارسەن بىر قىيا باقماي قىلىپ ئەۋۋارە شەھلا كۆز،
بولۇپ ئەۋۋارە ئىشقىڭ دەشتىدە مەن تەشنالەبدۇرمەن.

ئاچىلغان گۈل مەسەلىك جىلۋە قىلغاچ ئىككى رۇخسارىڭ،
كى رۇخسارىڭنى كۆردۈم غۇنچە لەب لەئىل شەكەر بارىڭ.
كۆڭۈلنى سەيد ئېتەر بىرلەھزە قىلساڭ شەھىد گۇفتارىڭ،
لەبى لەئلىڭ ئارا كۆردۈم ئون ئالتەدۇر ئەھمەزارىڭ،
تىزىلغان ئۈنچىدەك ئاق تىشلەرىڭنى مەن ساناپدۇرمەن.

لەتاپەت قامىتىڭنى مەن ئۆتەر يولۇڭ ئارا كۆردۈم،
كۆڭۈلگە يۈز تۈمەن ئاپەتلەرىڭ زۇلفىڭ ئارا كۆردۈم،
قىزىل گۈلدەك نەخۇش زىننەتلىرىڭ ھۆسنۈڭ ئارا كۆردۈم،
كى ئىككى ئالما يەڭلىغ ئوقلەرىڭ كۆكسۈڭ ئارا كۆردۈم،
نىشانە ئوقلەرىڭغە خەستە كۆڭلۈمنى تىكىپدۇرمەن.

كۆرۈپ ھىجرىڭ ئوقىغە خەستە باغرىم بىرلە چۇلغاندىن،
كاباپ يەڭلىغ ھەمىشە تابەئى ئىشقىڭدا داغلاندىم،
خەبرالۇق ئۇيقۇدا ياتسام كويۇڭدا ئاھ دەپ ئويغاندىم،
ئوت ئىچرە قىل مەسەلىك ھەر يانىمغە نەچچە تولغاندىم،
سەمەندەردەك ئۆزۈمنى بىلمەيىن ئوتقا سالىپدۇرمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



بالالىغ ئىشق پەرق ئەتمەس گەداۋۇ ـ شاھنى ھېچبىر،
سېنى كۆرگەن زامان قىلدى ماڭا ئىشقىڭ ئۇتى تائىسىر،
كى فىلھال ئەرزى ھالىمنى ساڭا مەن ئەيلەدىم زاھىر،
يېتەرمەن ئەرزى ھالىمغە دېدىڭ ئەي بىۋاپا ساچىر،
ۋاپا كەلگەيمۇ دەپ بىر نەچچە مۇددەت كۆز تىكىپدۇرمەن.

ۋاپا قىلغۇم دېدىڭ، قىلدىڭ ۋاپايى ۋەئدە يالغانى،
قىرىپتە سۆز بىلە جانىنى ئالىپ زۇلاجى جانانى،
كى جانىمىز تەن ئارا قالغاچ بۇ كۆڭلۈم زار ھەيرانى،
بۇلاقتەك ئاقتى كۆز ياشىم يۈرەكتىن تەبىتە قانى،
بۇ يەڭلىغ جەبرى زۇلمىڭدىن ئەجەب ھەيران قالىپدۇرمەن.

مېنى ئاشىغتە ھال قىلدى نىتەي، ئەل دىلبىرىم ئىشقىڭ،
قىلىپ ھۆسنى ـ جامالىڭغە ئەجەب ئاشىق نەدىم ئىشقىڭ،
كى ئاپەت سۈرەسىن يەتكۈزدى جانىغە بىرەھىم ئىشقىڭ،
كى يەتكۈزگەچ دىماغىمغە مۇھەببەتدىن نەسىم ئىشقىڭ،
گاھى مەست، گاھى ھوشيار، گاھى يىغلاپكى كۈلۈپدۇرمەن.

بۇ رەڭگىمدۇر كويۇڭدا دەردلىغ بۇ دەردى مەھزۇندەك،
پىراقىمنىڭ يۈكىدىن بولدى بۇ تۈز قامەتىم «نون» دەك،
كۆتەردىم ئىشق تاغىنى كۆرۈڭ فەرھادى ـ مەجنۇندەك،
پىراقىم ئىچرە قان تولغاچ كۆرۈپ قەددىڭنى گۈلگۈندەك،
چىۋىنچە يوق ۋۇجۇدۇم كۆھى ھىجرىڭدە يۈرۈپدۇرمەن.

## غەزەللەر

ماڭا مەرغۇپ كىلىياڭ ئىچرە ئۇل مەنزىلدە،
يەنە مەۋزۇئىد دەستەلىق كەۋىس خەيلى ھەشەم بىرلە،
ۋەلېكىن بارغالى كۆپ جەھدىلە تەدبىرلەر قىلدىم،
مۇۋاپىق بولمادى تەدبىر تەقدىرى قەلەم بىرلە،
بارالماسدىن يېتەرغەم لەشكىرى باشىم ئۈزە ھەردەم،
خىجالەت تىغىدا قەتلى ئەتكەلى زۇلمۇ ـ سىتەم بىرلە.
يېقىندىن يىراق ئالغان نەخۇشدۇر بىر يولى ئۆلمەك،
كى ھەر كۈن ئۆلگىچە يۈزمىڭ تۈمەن دەرد ـ ئەلەم بىرلە.
كەل ئەي قاسىم پانا جامىنى غەم دەفئى ئۈچۈن نۇش ئەت،
يۈرۈرسەنمۇ ھەمىشە دەھىر ئارا بۇ نەۋئى غەم بىرلە.

*

خۇش كەلدىڭ ئەي پەرۋەش سەنسىز ئىدىم مەشۇەش،
ھەر بارە ئەيتۇر ئىدىم يوقتۇر بۇ نود مەھۋەش.

ياروُتكى تىيرە كۆلبەم شەمئى جامالىڭ ئەيلەپ،
جان جاھانىم ئولسۇن ھەر مەقدەمىڭغە پىش كەش.
مېھرايىن ئاشكارا بۇدۇر مەھىل شادى،
گەرمەن گەدايى پىشەمەن سەن شەقباي زەركەش.
مۇراتجانغا دادۇر خىرايەت يۈزۈڭ زاسىن،
ئائىنە ساپ رەۋشەن ھەي - ھەي خۇش ھۆسىن بىنخەش.
ئەي ساقى، تەشنالەبمەن كەلتۈرمەي مۇسەففا،
مۇترىب تەرەننۇم ئەيلەپ يەتكۈر سادايى دىلكەش.
قاسىم يىغقىل قولۇڭنى زۇلفى سارى سۇناردىن،
جانان لۇتفى نازۇكسەن تۇرفە شوخ سەرگەش.
× ×
تۈمەنىمىڭ ھەمدە شاھ سانىفە يۈز ئەھسەند،
سېنىڭ دەرگاھىڭە شاھ گەدا رىزقىفە ھاجەتمەند.
نىتەڭ ئالەم ئېلى قويسە ئاياغىڭغە دەمادەم باش،
شاھىنشاھلار غولامىڭدۇر، كى ئەسلىڭ پاك بىمانەند.
شۇ ئارىڭ يوقنى بار ئەتمەك، يوق ئەتمەك بارلارنى ھەم،
باھارىستان ئېرۇر سۇنئۇڭ تەپەككۇر ئەيلەسەم ھەر چەند.
مۇلاقاتدىن ۋۇجۇد ئىچرە مەھسۇل سەن كەبىي چايان،
ھەمە ماۋجۇد ئېرۇر كەفكى دىلى ئەئما كۆرەردىن بەند.
ئېرۇر خۇش زۇھىد ئېلى كۆڭلى يېتىشكەچ تائىتىڭ نۇرى،
خىيالاتى يۈزۈڭ بىرلە ئېرۇر ئىشق ئەھلى ھەم خۇرسەند.
نىدۇر قاسىمغە بۇ ھالەت سېنى ياد ئەيلەگەن ھالەت،
گاھى ساق، گاھى بىھوش، گاھى نالان، گاھى خەند.
× ×
بىر غەمزەدىن شىكەستە مېنى مەست خاپ قىل،
كۆركۈز مەللاھنى ۋە جىگەرنى كاباپ قىل.
مەجمۇر كۆزلەرىڭە تىلەرمەن بۇ جامنى،
قانىم بىلە لەببالەب فەرجۇلاب قىل.
سەنىسىز ماڭا ھوزۇر - ھالاۋەتمۇ يار ئاھ،
ئۆلگۈنچە ئىشىكىڭدە ماڭا سەن ئازاب قىل.
ھەسرەت بىلەكى ئۆلتۈرۈرسەن ئەي سەنەم مېنى،
بوينۇمغە يەتتە كەمىدەڭ تاناپ قىل.
قاسىمغە يار بولدى ئىنايەت بىلە رەقىب،
خاھي تەھەممۇل ئىلە، خاھ ئىزتىراپ قىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



× ×

ئۆتتى دەۋر ئەي مۇغبىچە تېز ئول دەمادەم جام تۇت،
قىلماتە ئېغىر ئۆتتى پۇرسەت بەزدە ئىلە بىر جەرئەلۇت.
قەترە بىل ۋەقتىڭنى خۇش دەرياسىرى غەرم ئەيلەكىم،
تاشلا بەرگىڭ ئەي شەجەر يەتمەي خازان شاخىڭ قۇرت.
يوق مەھەل ئاي، تۈن - كۈن ئۆتكۈك سۇبھى پەردەڭ چاك قىل،
ئاچتى يۈز خۇرشىد ئالەم يۇم پەلەك كۆز ئىچ يارۇت.
چۇست بول مەللاھ كىشتىڭ پاتتى ھەسرەت لايىغە،
مەۋج دەريا يەتتە ماھى تۇرما سۇ ئۈزنى يورۇت.
يەتتە ھاكىم ئەھلى ئىسيان بول پۇشايمان ۋەقت تەڭ،
ئىزتىراپ ئەت ئاقىل، ئادىل سور ئۆزۈڭ ياقۇت سورۇت.
ۋەقت زايىئ زۇھىد باتىل زاھىدا سىددىق ئىلەكىم،
ھېردىس باغلاپ مەيغە قاسىم ئۆزگەدىن كۆڭلۈڭ ساۋۇت.

× ×

خەبەر ئالۇرغە كىلەم ياردىن خەبەر بېرىلىڭ كار①،
قولۇمدا ھەرنەكى باردۇر سۆيۈنچىگە ئالىڭ كار.
خەبەرسىز ئەرسىڭىز ئەراتىڭ گەر جاۋابىنى پات،
قياقغە تۈشسە كەزارىم بادام ھەممە قالىڭ كار.
دەر ئەرسەڭ كارىڭ مۇنداغ كۆپ ئىزتىراپ ئىيتاسىڭ،
ئىبارەت ئاڭلادىڭ كار مەئىنىسى ھەممە بىلىڭ كار.
كۆتەرگىلى بۇتنى غەملىكىم تەيۇم ئۇ نامايىت،
ھىدايەت ئەھلى نەسىھەت بىلە ئەدەب بېرىلىڭ كار.
ساتام بۇ ئىككى جاھاننى ھەقىقي بەيئى بىلە،
بىتۇم بەرگىلى بىر خۇان كېپەك بېرىپ ئالىڭ كار.
تامام ئەرشى - كۇرسى، زېمىننى سەيىر ئېتەم،
تاپالمادىم نىتەيىن كۆيغەمىنى ساتىڭ كار.
دېسەڭكى قاسىم بىدىل يولۇمدا قەتلى ئولدى،
پەرىشتىلەرغە نىدا قىل نامازغە كېلىڭ كار.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

① بۇ غەزەل قەدىمكى (ساپ) تۈركىي تىلىدا يېزىلغان.

بۇ يىل 4- مايدا خوتەن شەھىرى ۋە قاراقاش ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق بىر قىسىم ئاپتورلار ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى غەيرەت ئابدۇللانىڭ يېتەكلىشىدە خوتەننىڭ يىراق يېزا قىشلاق، تاغ رايونلىرىغا يېڭىدىن ياسالغان ماي يوللىرىنى، زامانىۋى كۆۋرۈكلىرىنى ئېكىسكورسىيە قىلدى.



ئاپتورلار چىرا ناھىيىسىدىن 100 كىلومېتر يىراقلىقتىكى جەگىتال كەنتىنىڭ قوچقار بېشى دېگەن جايىدىكى دەرياغا سېلىنغان كۆۋرۈك يېنىدا قاتناش باشقارما رەھبەرلىرى ۋە جاپاغا چىداپ ئىشلەۋاتقان ئىشچىلار بىلەن خاتىرە رەسىمگە چۈشتى.



سۈرەتتە غەيرەت ئابدۇللا ئاپتورلارغا تاغلىق رايوندا ماي يولى ياسىشنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈۋاتىدۇ.

( ئەسقەر مەتىمىن فوتوسى )

www.uyghurkitap.com



# 新 玉 文 艺 يېڭى قاشتېشى

***NEW JADE LITERATURE***

1993 年 第三期（双月刊）
编辑：《新玉文艺》编辑部
出版：和田行署文化处
喀什日报社印刷厂印
发行：和田地区邮电局
订阅：全国各地邮电局
印张：787×1092.1/16,6.25 张
国内外统一刊号：
ISSN 1002 — 929X
CN 65—1088/1
代 号：58 — 26

电话：23792
定价：0.60 元

1993 - يىل 3 - سان (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 787×1092 مم، 1/16 6.25 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002 — 929X
CN 65 — 1088/1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 26

تېلېفون نومۇرى: 23792
باھاسى: 0.60 يۈەن